BULAK



# بۇلاق

2

2015

源泉 (布拉克) • BULAK

ISSN 1005-0876
04>
9 771005 087006


نوروز سالىمى
مەمەت نەۋبەت ئىشلىگەن

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

37 - يىل نەشرى ئومۇمىي 161 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

قىش كەتدىيۇ غەم كەتدى، خۇدانىڭ رەھمەتى يەتدى،
ئۇرۇق كەتدى، قۇتۇر كەتدى، سېمىزلىك ھەممەگە يەتدى،
ئاچلىق كەتدى، قايغۇ كەتدى، ھەممە جان رىزقىغا يەتدى،
جەفا كەتدى، مېھنەت كەتدى، ھەممەگە راھەت يەتدى،
كەفتەرلەر بوق ـ بوق ئەتدى، دەرەخت تاشىغا قونغاي بۇ كۈن.

نەۋرۇزلۇق قىلدۇق بۇ كۈن قىش كېتىپ نەۋرۇز يەتكەچ،
بۇ ساۋۇقنىڭ زۇلمىسى ھەممە زىبجانىغا دەرد ئەتكەچ،
جەفا زۇلمى ستەم، مېھنەت ھەممە ئالەمدىن كەتكەچ،
ئۈيدىن ئۈيگە ئېيدلاشدۇق كۆڭۈلنى خۇرسەند ئەتكەچ،
سىفاتىن قىلسا ئاز ئۇلغاي، ھەممە ئالەمگە تاڭلا بۇ كۈن.

قىش كۈنى كەتكەن ھەمان بولغان ساۋۇقنى ئۇنتادۇق،
قاتتىق شالبۇر، كۆرەك جۇۋا كەيگەن چورۇقنى ئۇنتادۇق،
سايەلەردە ئولتۇرۇپ ئويناپ ئويۇنغا باشلادۇق،
يەنە قىش كەلمەيدىغاندەك ئۆتكەن جەفانى ئۇنتادۇق،
قىش ئۆتۈپ كېتىپ يەنە قىشلار كېلۇر كۈندۇر بۇ كۈن.

«نەۋرۇز نامە» دىن

بۇلاق

2015 ـ يىللىق 2 ـ سان

باش مۇھەررىرى: مەمەتجان ماخمۇت　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار ماموت

# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

كونا ئەسەرلەردىن ئۈچ پارچە ........................................ (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇمەنىياز تۇرسۇن
مەۋلانا لۇتفىي شېئىرلىرىدىن ........................................ لۇتفىي (18)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ

## شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ........................................ (25)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا نۇر

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

مەۋلانا لۇتفىي ھەققىدە يېڭى بايانلار ........................................ ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ (40)

## تىل . تارىخ . مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان.... غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر (45)
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تامغا مەدەنىيىتىمىزگە دائىر بايانلار ........................ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي (61)
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئۆي ۋە ئوچاققا ئائىت خاتىرىلەر ........................... مامۇت قۇربان (73)

## مەشھۇر ئەسەرلەر

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ يېڭى نەشرى ھەققىدە ............................... مۇھەممەترېھىم سايىت (84)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مەلىكە گۈلبانۇ ........................................................................................ (100)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلەت ئابدۇللا
ئالتۇن بېلىق ........................................................................................ (109)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: دىلئارام (رەسسام: ئەلى مۇتئى)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى :دىلئارام باھاۋىدىن
ياردەمچى مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل
كوررېكتورى : ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

نەشرگە تەييارلىغۇچى:جۇمەنىياز تۇرسۇن

# كونا ئەسەرلەردىن ئۈچ پارچە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: بۇ ئەسەر خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 650 پارچە كىلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدىكى 258 ـ نومۇردا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە قول يازما كىتابچە بولۇپ، قول يازما 13 ۋاراق ( 26 بەت)، بۇ قول يازمىنىڭ فورماتى 15.5 X 10.5 سانتىمېتىر، پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە ھەر بېتىگە توققۇز قۇردىن قىلىپ يېزىلغان. قول يازمىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوقالغان بولۇپ، ئۈچ پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن. بىرىنچى ئەسەر «تائاملار قىسسىسى» بولۇپ، جەمئىي 18 بەت، باش ـ ئاخىرى تولۇق، باش قىسمىدىن بىر يېرىم قۇرى قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلىپ قىسسە باشلانغان، ماۋزۇ قويۇلمىغان. ئىككىنچى ئەسەر «خوتۇنلارنىڭ ۋەقەسى» بولۇپ، جەمئىي بەش بەت. بۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ئاياللارغا، كىشىلەرگە باھا بېرىپ، ناچار قىلمىش، قاراشلار قامچىلانغان. لېكىن تىل ئىشلىتىشتە دېگەندەك ساغلام بولمىغان سۆزلەر ئىشلىتىلگەن. ئۈچىنچى ئەسەر «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ھېكايىسى» بولۇپ، شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان، ئۈچ بەت، ھەربىر بەتكە ئىككى ئىستوندىن ئايرىلىپ يېزىلغان، جەمئىي 46 مىسرا. بۇ ھېكايىدە ھايۋانلاردىن ئات بىلەن تۆگىنىڭ سورۇندا تۆر تالىشىشتىن ئىبارەت ۋەقە مەسخىرە شەكىلدە ئۇستىلىق بىلەن بايان قىلىنغان. ئەپسۇس بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرى تولۇق ئەمەس.

بۇ قول يازما تولۇق بولمىغاچقا، بۇ ئۈچ ئەسەرنىڭ كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى، كىم تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغانلىقىنى بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى، پەقەت «خوتۇنلارنىڭ ۋەقەسى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىغا يېزىلغان «32 ـ سىنە» دېگەن يىلنامىغا ۋە ئەسەردە ئىشلىتىلگەن تىلغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 1332 ـ يىلى (مىلادىيە 1913 ــ 1914 ـ يىللار) قەلەمگە ئېلىنغان دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

## تائاملار قىسسەسى

(ئانداغ رىۋايەت قىلىپدۇرلاركىم،) ھەزرەتى ھەق سۇبھانەھۇ (ۋەتەئەلا) ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنى بېھىشتدىن گۇنەھكار قىلىپ بۇ ئالەمگە چىقاردىلار، قۇرساقلارى ئاچ، يېگەلى ھېچ تەئام يوق ئەردى. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام مۇناجات قىلىپ يىغلادىلار، خۇدايى تەئالادىن ھەزرەتى جىبرائىل ئەلەيھىسـ-

سەلامغا فەرمان بولدى «بېھىشتىن بۇغداي چىقارىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بەرگىل» دەپ. ھەزرەتى جىبرائىل ئەلەيھىسسەلام بېھىشتىن بۇغداينى چىقارىپ ھەزرەتى ئادەمگە بەردىلەر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام تېرىغانلارى بۇغداي بولدى. ھەزرەتى ھەۋا ئانا تېرىغانلارى ئارپا تېرىق بولدى، ئانى يېمەككە مەيل قىلدىلار.

نەچچەندە يىل ئۆتكەندىن تائام ـ نىئمەتلەر پەيدا بولدى. بۇ نىئمەتلەر ئاراسىدا گۆرۈنجى پەيدا بولدى. گۆرۈنجا ئورنىدىن قوپقۇپ بىر ئاھى سەرد ئەھدىل پۇرۇھ تارتتى، تەمام نىئمەتلەر ئول مەھەلدە خەبەردار بولۇپ ئايدىكىم:

ــ ئەي گۆرۈنجا، نېمە ئۈچۈن مۇنداغ قاتىغ ئاھ ئۇردىڭىز؟ سىزنىڭ بۇ ئاھ ئۇرغانىڭىزغا، يۈرەكىمىزغە دەرز كەتتى، ــ دېدى. گۆرۈنجا ئايدىكىم:

ــ ئەي يارانلارىم، مېنىڭ دەردىم ئولدۇركى، خۇدايى تەئالا پەيغەمبەر قىلىپ ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ فەرزەندەلەرىگە يەرغە رۇزانە قىلىپ بىزدەك نىئمەتلەرنى ياراتتى، ئەگەر بىزنى خۇدايى تەئالانىڭ مۇنداغ ئاشىق سالىھ بەندەلەرى يېسەلەر ھەزار ئۇلۇغ مەرتەبەگە يېتىپ دەرىجە تاپقايمىز. ئەمما بىزنى بۇلاردىن كېيىن قالغان مەھەلدە خۇدادىن بىخەبەر فاسىق، گۇنەھكار بەندەلەر يېسەلەر، «بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم» دېمەي يېسەلەر، ئانىڭ شۇملۇغىدىن بىزدەك خۇشبۇي نىئمەتلەر ئۇلار قۇرساقىدا ھۇزمە بولۇپ بەدبويلۇقغا سازاۋەر بولۇرمىز. كېكىردەك لەشكەرىنىڭ قولىدا ئەسىرۇ يەسىر بولۇرمىز، ــ دەپ ئايدىلار. ھەممە نىئمەتلەرگە مەئقۇل ئېتىلدى. ھەممە نىئمەتلەر جەمئى بولۇپ ئىتتىفاقلاشىپ كېكىردەك لەشكەرى بىلە جەڭ قىلۇرغا مەسلەھەت قىلىپ، گۆرۈنجىنى فادشاھ قىلىپ كۆتەردىلەر. زەردەكنى ئاشىق قىلدىلار، ھەلۋانى ھەكىم قىلدى، نۇخۇدنى قاراۋۇل، ھەسىبنى ياساۋۇل قىلدى، چۆفنى ئىشىكئاغا بەگ قىلدى، ئۈگرەنى غەزنەچى بەگ قىلدى، مەنفەرزەنى شاڭ بېگى قىلدى، چۆچرەنى ئوردا بېگى قىلدى، جولەنى فادشەب بېگى قىلدى، زاڭنى دىۋان بېگى قىلدى، كۈمەچنى توفچى بېگى قىلدى، شورپانى جىسا بېگى قىلدى، گىدەنى تۈمەن بېگى قىلدى، ئۆي ناننى توغ بېگى قىلدى، سامسۇنى قوش بېگى قىلدى، مانتۇنى مىراب بېگى قىلدى، شورپا گۆرۈنجىنى ئەئلەم قىلدى، گوشگىيدە(نى) مۇفتى قىلدى، ئۆفكەنى توغ بېگى، چاينى دورغا بەگ قىلدىلار.

ئالاھەزەل قىياس نەچچە زەمان ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن كېكىردەك لەشكەرىنىڭ غەممىدە ئۆمر ئۆتكەردىلەر. كۈنلەردە بىر كۈن كېكىردەك لەشكەرىدىن خەبەر يەتتىكىم، كېكىردەك فادشاھىنىڭ لەشكەرىدىن بەشىمىڭ نامدار فەھلەۋان ئاغزىنى ئەژدەرھا ياڭلىغ ئاچىپ يېتىپ كەلدى. چاي دورغا بېگى:

ــ مەن ھەممىڭلارغا خەبەر قىلغالى كەلدىم، ــ دېدى. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئۆفكە بىلە كاكچا قورقۇنجىدىن يىغلاشغالى تۇردى. ئارادىن گۆرۈنجى پادشاھ توغ ـ ئەئلەملەرىنى كۆتەرىپ قازان شەھرىنىڭ دەرۋازەسىدىن چىقىپ، سەفىل تۆفەسىگە چىقىپ سەف ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەھلەۋان بەتتە سۇفەرلەرىدىن قىلغان كۆك، ياشىل ئەئلەملەرىنى كۆتەرەپ، ناننى يۇزىغە سۇفەر قىلىپ، تۆش دۇمبەلەرىنى ئۇمۇدى گىران قىلىپ، دالۇسىغا ئارتىپ يېتىپ كەلدى. ئانىڭ ئارقاسىدىن فەھلەۋان ئۈگرە نەيزەلەرىنى ياتقۇزۇپ نەئرە تارتىپ يېتىپ سەف ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەھلەۋان چۆچرە قالفاقىنى قىرلاپ، توفچاقى ئىراقغا مىنىپ ئات ئوينىتىپ يېتىپ كېلىپ، سەف ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەھلەۋان چۆف قاتماقات زەررە ـ زەررە كۆك، ياشىل ئىگىنلەرىنى كىيىپ يېتىپ كېلىپ سەفراست قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەھلەۋان شورپا لەئلى زۇمۇرەتدىن كۆز قويدۇرغان ساۋۇتلارىنى كىيىپ، يۇزلەرىنى فاقىراتىپ يېتىپ كېلىپ سەفراست قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەھلەۋان ھەلۋا ئۇ ھەم مىلتىقلارىنى ياتقۇزۇپ فىلتەلەرىگە ئوت ياقىپ يېتىپ كېلىپ سەف

ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن چۇلە فادشا شەب دۇمباقىنى قېقىپ، قۇرساقىنى جۇلدۇرلىتىپ «هاي نېرى تۇر، بېرى تۇر» دەپ كوچىلارنى كەڭرۇتۇپ يېتىپ كېلىپ سەفراست قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەهلەۋان ئۇفكەگە خەبەر يەتتى، گاھ ئېسىلىپ، گاھ كېسىلىپ، گاھ ئاچىغلاپ، گاھ قىزارىپ، گاھ تىترەپ، گاھ ساغىرىپ، ئاچىغىغا فايلاماي، ئۆزىنى توختالماي دەبدەبە، ئەسئەسە بىرلەن لاف-قاف ئورۇپ يېتىپ كېلىپ سەف ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەهلەۋان گىدە ئۆزىگە فەرداز قىلىپ، تاراقلاپ يېتىپ كېلىپ سەف ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەهلەۋان چىغاتى بىلەن كاكچاغە خەبەر يەتتىكىم، چىغاتى بىلە كاكچا يىغلاغالى تۇردى: «ئەي يارانلار، مەن ھەممەسىدىن ئورۇق، ئاجىز، قايداغ قىلىپ جەڭ قىلورمىن؟» دېيور، ئۇنى ئېشىتىپ فەهلەۋان توفچاق يېتىپ كېلىپ ئايتادۇركى:

— ئەي بەرادەر چىغاتى، قورقماغىل، بىز ئىكۆيلەن بىر تۇققاندۇرمىز، بىر ئەمچەكنى تالاشىپ ئەمگەندۇرمىز، ئول دۇشمەننىڭ ئالدىغا مەن كىرىپ جەڭ قىلىپ ئۆلەرمەن، ئاندىن ساڭا نەۋبەت كېلۇر، ئاڭغۇچە كېكىردەك فادەشاھ تويۇنۇپ قالۇر، سەن ئارتىپ قالۇرسەن. بىر نەچچە كۈن ئارام ئالۇرسەن، — دەپ ئايدى. فەهلەۋان چىغاتىغا خېلى كۈچ-قۇۋۋەت فەيدا قىلىپ سەف ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ ئانىڭ ئارقاسىدىن فەهلەۋان زاغرا بېلىنى باغلاپ، ئۆزىنى چاغلاپ يەك بەيەك رۇستەمدىن زىيادە ئۆزىنى چاغلاپ، يەككەۋۇ يىگانە كېلىپ سەف ئاراستە قىلىپ تۇردى؛ باشى گۇرۇنجى ئاياغى زاغراغىچە چىقىپ سەفراستە قىلىپ تۇردى.

شۇل ئەسنادا ئەردىكىم، كېكىردەك لەشكەرى تەرەفىدىن بەشيۈز نامدار فەهلەۋان ئاغزىنى ئەژدەرها ياڭلىغ ئاچىپ يېتىپ كېلىپ ئانداغ قىزىق جەڭ قىلدىكىم، مىلتىق مىلتىقىغا، قىلىچ قىلىچىغا چاقىلدى، هاۋا قاراڭغۇلۇق بولدى. شۇل ئەسنادا، كېكىردەك لەشكىرىنىڭ فەهلەۋانلارى كۈچلۈغ كېلىپ تەئام لەشكەرلەرىنى ھەر قىسمىنى ھەر تەرەفكە قوغلاپ فەراكەندە قىلىپ ئاھ-ۋاۋەيلا قىچقىرتىپ، فادشاھ گۇرۇنجى باشلىغىن ھەممەسىنى مەهكەم باغلاپ بەندە قىلىپ قۇرساق زىندانىغا سولاپ ئىدىلەر، ھەممەسى بىهۇش بولۇپ كېتىپ يەنە هۇشلارىغا كېلىپ مەسلەهەت قىلاشىپ ئايدىكى:

— ئەمدى ئاهىستە بوغزىنى بوغۇپ دەردىمىزنى ئالىپ چىقىپ كېتەلى، — دەپ تەدبىر قىلاشىپ ئايدىلار. كېكىردەك لەشكەرى تويۇپ قېلىپ ئارقاسىدىن سىنچايىنى قويۇپ بەردىلەر. سىنچاي يېتىپ بارىپ گۇرۇنجى باشلىغىن ھەممە نىئمەتلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇستىخانلارىنى رىزە-رىزە قىلدىلار. ئول ۋەقتىدىن بۇ ۋەقتىغەچە تەئام، نىئمەت لەشكەلەرىنى كېكىردەك پادشاھىنىڭ قولىدا ئەسىرۇ يەسىر بولغاندۇرلار. ۋەللاھى ئەئلەم بىسسەۋاب.

## خاتۇنلارنىڭ ۋاقئەسى

ئەي خەلايىقلار، ئېشىتىڭلار، «بۇ دۇنيانى بىر ئەسكى بولۇپدۇر» دەيدۇلار. خەبەرىڭلار يوق، يالغان دېسەڭلار، بۇ سۆزگە قاراپ باقىڭلار: قارا خاتۇننى «ئوفاق ئايلام» دەيدۇر؛ ئۇزۇن خاتۇننى «غۇنچە ئايلام» دەيدۇر؛ قارغۇ خاتۇننى «چولفان ئايلام» دەيدۇر؛ يامان خاتۇننى «ياۋاش ئايلام» دەيدۇر؛ ساراڭ خاتۇننى «هەلىمە ئايلام» دەيدۇر؛ غەيبەتگوي خاتۇننى «مۇڭداش ئايلام» دەيدۇر؛ ئاچىغى يامان خاتۇننى «تاتلىغ ئايلام» دەيدۇر؛ ئورۇشقاق خاتۇننى «ئەسىل ئايلام» دەيدۇر؛ چاقىمچى خاتۇننى «نەبات ئايلام» دەيدۇر؛ كالتە خاتۇننى «يورغا ئايلام» دەيدۇر؛ سارىغ خاتۇننى «شەكەر ئايلام» دەيدۇر؛ چافاق خاتۇننى «خۇمار ئايلام» دەيدۇر؛ فوخاق خاتۇننى «رەئناخان» دەيدۇر؛ يوغان خاتۇننى «جىنەستەخان» دەيدۇر؛ جەلاب خاتۇننى «مەستۇرەخان» دەيدۇر، توكار خاتۇننى «ساراخان» دەيدۇر. يىلدام ماڭسا، «ئالاجوق» دەيدۇر؛ ئاهىستە ماڭسا، «ياغ تافان» دەيدۇر؛

تولا گەف قىلسا، «كافكى» دەيدۇر؛ گەف قىلماسا، «گوڭگى» دەيدۇر؛ تولا يېسە، «كالا قورساق» دەيدۇر؛ ئاز يېسە، «نان يېمەس» دەيدۇر؛ ئىش قىلسا، «دۇنيا فەرەست» دەيدۇر؛ ئىش قىلماسا، «ھۇرۇن» دەيدۇر؛ تولا فۇل خەرجلەسە، «ئوغرى» دەيدۇر؛ فۇل خەرجلەمەسە، «بېخىل» دەيدۇر؛ يامان ئادەمنى «قابىل ئاخۇند» دەيدۇر؛ جەلاب خاتۇننى «ۋەفادار خېنىم» دەيدۇر؛ ياخشى ئادەمنىڭ گەفى ئۆتمەيدۇر، بەڭگى جازانەخور، بىنامازنىڭ گەفى ئۆتكۈندۇر. روزە مەھشەر كۈنىدە كىشىگە خوشامەت قىلىپ، سۆز توشۇپ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈچى، زىنا قىلغۇچى، تاماكۇھ تارتقۇچى چاغىر ئىچكۈچى قىيامەت كۈنى بېھىشتىدىن بىنەسىبدۇر.

## ئات بىلەن تىيۋەنىڭ ھىكايىسى

بىر كۈنى ھەزرەتى سۇلەيمانى،
يىغىلىپ كەلدى جەمئى ھەيۋانى.
ھەمە ھايۋانغا يەر قىلىپ تەئيىن،
يىغىلىپ كەلدى ئولتۇرۇرغا زەمىن.
ھەممەدىن ئات كېلىپ تالاشتى ئورۇن،
تىيۋە ئاتغا كېلىپ دېدىكى بورۇن.
تىرىكىپ تىيۋە قوفتى ئورنىدىن،
تۇتتى ئاتنىڭ كېلىپلا بوينىدىن.
تىيۋە بىرلەن ئات بىر بەيابانغا چىقىپ،
ھورمايىپ تۇردى بىر ـ بىرىگە باقىپ.
تىيۋە ئايدىكى: ئەي ئات، كۆنى قاق،
كۆر مېنىڭ شەھنە شەۋكەتىم(گە باق).
ئول كۈنى بولدى بىر ئەجايىب جەڭ،
سۆزلەشىپ تۇرفە ھاي رەڭگارەڭ.
ھەر قاچان چوڭ تۇرۇرمەن سەندىن،
يوقارى ئولتۇرماقىڭ نېچۈن مەندىن؟
بۇ جەھاندا ساڭا ئوخشە يوق ھەيۋان،
مال ئاراسىدا ئوخشاماي قالغان.
فەرق قىلماس پادىشاھ، قۇلغا،
فاتاچى، ئاتغۇچى ۋەيا تۇلغا.
ھەر كىشىكىم ئۇچاڭغا ئۇرسا تاياق،
چافاسەن رۇم، شام بىرلە ئىراق.
مىنەدۇر قويچى بىرلە ئەلگەكچى،
ھەر قەدەمدە ئورار ئۇچاڭغا زەي قامچى.
خۇرجۇن ئارتىپ مىنەر قەلەندەرلەر،
يورغىلاپ ماڭمىساڭ، ساتاي دەرلەر.
قۇرۇغىڭنى چېگىپ بازارغا سالۇر،
ماڭمىساڭ ئۆلتۇرۇپ ساتىپ قۇتۇلۇر.
بىدىكلەر باقادۇر تىشەڭنى ئاچىپ،
قارى دەپ ئالماسا يۇرۇرسەن (چىچىپ).
خارلىقىڭدىن مەگەر قارىپ قالاسەن،
تۇشغەچە مىنسەلەر ھارىپ قالاسەن.
قارىغاندا سېنى ئالۇر ھابدال،
كۆپ جەفالار بىلە سالۇر دۇمبال.
يۇك قۇيارمىز سېنىڭ ئۇچاڭغا ئاغىر،
كۆپ مەشەققەتلەر بىلەن قىلۇرلار ياغىر.
سېنى ھەلال دەپ خۇدا ياراتقان ئەمەس،
تەقۋادارلار سېنىڭ گوشاڭنى يېمەس.
سۇرەتىڭدۇر سېنىڭ ۋە لېكىن ئېشەك،
كۆرشەمەيسەن گوشۇڭدا باردۇر شەك.
ئىگەرىڭنى يۇدۇپسەن ئىگەرچىمىدىڭ،
ئۇۋ نېمەڭ قافقارا كۆمەرچىمىدىڭ.
تىيۋە كەلدى ئۆزىنى تەئرىف ئېتىپ،
بىلگەنىچە سۆزۈمنى دەي تۈگەتىپ.
مەن ئېرۇرمەن بۇ جەھاندا بىر شاھى،
بىقۇسۇرى چىرايلىغ ھەم ماھى.

## قارلىق تاشلاش ئويۇنى ۋە «قارلىقنامە»

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇمەنىياز تۇرۇسۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: قارلىق تاشلاش ئويۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىدىن بىرى

بولۇپ ، قىش پەسلى كىرىپ تۇنجى قار يېغىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم ئويۇن تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قارنى قىشنىڭ زىننىتى، «شۇ يىلنىڭ ئوبدان كېلىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى»، «مېۋە - چېۋىلەر، زىرائەتلەرنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى»، «مول ھوسۇلنىڭ بېشارىتى»، «ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يېتىمنىڭ ئازىيىپ، كۆڭۈللەرنىڭ قاردەك ئاق، پاكىزە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشنىڭ سىمۋولى» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا، تۇنجى قارنى تەبرىكلەپ، ئۆز خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلەپ مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ ئويۇندا يېقىن دوست - بۇرادەرلەر، ھەمساۋاقلار ياكى بىر مەھەللە كىشىلىرىدىن بىر قانچە كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ كۆڭلى خالىغان بىرىنىڭ ئۆيىگە قارلىق تاشلايدۇ. دەسلەپ قارلىق يېزىلىدۇ. «قارلىقنامە» ئېلىپ بارغۇچى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن «قارلىقنامە»نى قارلىق تاشلانغۇچى ياكى ئۆي ئىگىسىگە سەزدۈرمەي يانچۇقىغا ياكى ئولتۇرغان جايىنىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك خوشلىشىپ، «قارلىق كەتتى» دەپ توۋلاپ قويۇپ قېچىپ كېتىدۇ. قارلىق تاشلانغۇچى كىشى قارلىقنى دەل ۋاقتىدا سېزىۋالمىسا ياكى قارلىقنى تېزلىكتە ئىزدەپ تېپىپ قارلىق تاشلىغۇچىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يەتكۈچە تۇتۇۋالمىسا، يېڭىلگەن ھېسابلىنىدۇ - دە، ئۇنىڭدىن «قارلىقنامە»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرنى ئادا قىلىپ، مەشرەپ ئوتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ناۋادا قارلىق تاشلىغۇچى ئۆزى تۇتۇلۇپ قالسا، «قارلىقنامە»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەرنى ئورۇنلاش مەجبۇرىيىتى قارلىق تاشلىغۇچى تەرەپتىكىلەرگە يۈكلىنىدۇ. قارلىقنى ئېلىپ كېلىپ تاشلىغۇچىنىڭ يۈزىگە قارا سۈۋاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىنىدۇ.

قارلىق تاشلاش ئويۇنىنىڭ مەشرىپىدە نازۇنېمەتلەر مول بولىدۇ. مەشرەپتە ھەركىم ئۆزى بىلگەن ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، شېئىر ۋە بېيىتلار ئوقۇلىدۇ، ھېكايە - رىۋايەتلەر سۆزلىنىدۇ. نەغمە - ناۋا قىلىنىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ.

«قارلىقنامە» شېئىرىي شەكىلدە يېزىلىدۇ. «قارلىقنامە»دە ئالدى بىلەن قارلىق قوشىقى ئارقىلىق تۇنجى قارنى، قارلىق تاشلانغۇچى كىشىنى ياكى شۇ ئائىلىنى يېڭى قار بىلەن قۇتلۇقلايدۇ. ئاندىن كونكرېت تەلەپلەرنى بايان قىلىپ، قارلىق شەرتى بويىچە مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قارلىق تاشلاش ئويۇنى خەلقىمىز ياقتۇرىدىغان، كەڭ تارقالغان ئويۇن پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولغاچقا، يېزىلغان «قارلىقنامە»لەرمۇ ناھايىتى كۆپ. بىز ئەنە شۇ ئويۇن تۈرىمىزنىڭ بىر پارچە «قارلىقنامە»سى ۋە مەشرىپىگە تەييارلانغان بىر پارچە بېيىتنى تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

بۇ «قارلىقنامە»نىڭ فورماتى 22.5cm X 33.5cm لىق خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان بولۇپ، قوش سىزىقچە ئارقىلىق كانارا چىقىرىلغان، كانارا ئىچىنىڭ ئازراق يېرىگە نەقىش سىزىلغان. تېكىست ئىككى ئىستونغا ئايرىلىپ كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە «قارلىقنامە» 23 مىسرا، قارلىق مەشرەپ بېيىتى توققۇز مىسرانى تەشكىل قىلىدۇ. قول يازما تەئلىق خەت شەكلىدە چىرايلىق يېزىلغان. تۆۋەندە «قارلىقنامە» كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى.

## قارلىقنامە

ھەقتائالا رەھمەتى ياغدۇردى قار،
رەھمەتى فەزلىنى قىلدى ئاشكار.

دىلبەرىم، بۇ نامە بىرلەن سىزگە قارلىق تاشلادۇق ،
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلىقىدىن بۇ ئويۇننى راسلادۇق.

چىنە چۆجىشدە ئەراق، خوندا گېزەكنى راسلادۇق،
قوينى توققۇز، غازنى ئوتتۇز ھەممەنى تەڭ راسلادۇق.

ئوت - ئوتۇن لازىم دېسە، ئۆرىك ئوتۇننى راسلادۇق،
داپ، دۇتار لازىم دېسە، تۇردى ئاخۇن، مەقسۇد بەگنى راسلادۇق.

ئۆزلەرى(دەك) ياخشى ئادەم قايدا بار،
گۆش، گۈرۈنج، قەندۇ شەكەر بازاردا بار،
ھەم خەراجەت فۇللارى ساندۇقدا بار.

قىش بولۇپدۇر، ياز بولۇپدۇر مەشرەب ئەتمەسمۇ كىشى،
ھەر تەرەفدە يارى بولسا تەكلىف ئەتمەسمۇ كىشى.

ئۆزلەرىدەك غەنىيلەرگە قىش ئەمەس،
قىلمايىم بۇ سۆزنى يېمەك - ئىچمەكدە ئەمەس،
ئۆزلەرىنىڭ شەئنىگە لايىق ئەمەس.

قارلىق ئالىپ باغان كىشىنى فەھمى بىرلە تۇتسالا،
يۈزىگە فەرداز قىلىپ، ئۆيگە ياندۇرسالا.

مەشرەب ئەتىپ بەرمىسەلە،
يەتتە موللا بىر جىنازە، تۆرت قەلەندەرنى راسلادۇق،
غازنى ئوتتۇز، قىرغاۋۇل توققۇز ھەممەنى راسلادۇق.

جىڭ گوشى بولمايدۇر، باققان ئېرىكنى راسلادۇق.
ھەم ئۇسسۇل لازىم دېسە ئايىم خاتۇننى راسلادۇق.

نەزم بېيىت


مۇھەببەتنامە قىلدى بۇ گەدايىڭ ،
دېگىچە قۇللۇق سالام بىرلە دۇئايىڭ.

مېنىڭكى قالمادى سەبرى قەرارىم،
قىزىلگۇلدەك چىرايلىق مېھرىبانىم.


سېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسەم يىراققا،
ئۆلەرمەن ئاخىرى ھەجر ئىشتىياققا.

چولپانغا ئوخشا كۆزلەرى،
قەندۇر شىكەردۇر سۆزلەرى.
مەن قۇللارى، جانىم خېنىم.


بۇ ئۈچ ئەسەر قول يازمىسىنىڭ فوتو كوپىيەسى




1




2




3




4




5



6



7



8

سفیل نوفه سیلا چقیب صف
آراسته قیلیب توردی اینکه ارقه
سیدین پهلوان بیته سنفرلارو
وین قیلغان کوکی یاشیل اعلم لارینی
کوتارابه تاپنی یوزنیو سنفر قیلیب
توشش و دیه لارینی عمود گران
قیلیب دالو سیوار تیب بیتب
کلدی اینکه ارقه سیدین پهلوان
اکره نیزه لارینی یاتنغو دوب

9

نعره تارتیب بیتب صف آراسته
قیلیب توردی اینکه ارقه سیدین
پهلوان جو جیره قالغاقین قیرلاب
توغچا قه عراق غه ینیب اطراوینا
تیب بیتب کلیب صف آراسته قیلیب
توردی اینکه ارقه سیدین پهلوان
جوف قات هاتات ذره وز کوکی
یاشیل ایکین لارینی کیب بیتب
کلیب صف راست قیلیب توردی
اینکه


10

اینکه ارقه سیدین پهلوان سنوریه
لعل قه صورت وین کلیز تو نیو ارغن
سیادت لارینی کیب یوزلارین
قافراتیب بیتب کلیب صف راست
قیلیب توردی اینکه ارقه سیدین
پهلوان چلوادا هم ملطق لارینی
یاتنغو دوب قلته لاریکا اوت
یاتیب بیتب کلیب صف آراسته
قیلیب توردی اینکه ارقه سیدین


11

جولدا دست تیب دد مباقینی
صوقیو رساقینی جولد ولا تیب
یادنحرن نوربری توردی بیب
کو جالارینی کینکر ولتر بیتب
کلیب صف راست قیلیب توردی اینکه
ارقه سیدین پهلوان اوقله که
خبر بیتی کا اسلب کا لمسلب
کا اجغلاپ کا تیزار یب کا
تیترابه کا اسا غریب اجقا جغو
قالدیلار


12




13




14




15




16


بهر طرفکه توغلاب فراکنده قلب
اه وا ویلا تجقونب نا رنجکور دیکی
باشلیغی ماته سینه بهکم باغلاب
بینده قلب قوزساق زنید انیفه
سولاب ابدیلار رهته سی بهوش
بالوب کیتب بنه بهوشلار ننگ قلب
ظلمت تولاشیب [illegible]
اهسته بوغجی نی بوغوب [illegible]
الیب چقیب کیتیلار [illegible] تعدیر


17


تولانب ابدیلار کیکره ویکه لیکلرنی
تولوب قلب ارقه سیدین سنجالی
نی قوزوب بریلار سنجالی تبیب
باریب کوردیکی باشلیغین
هم نعمت لارنی اولتوروب
اوسنغانلارنی ریزه ریزه قلیب
تهلیدیلار اول وقتیدین بو وقت
تجیچه طعام [illegible] لشکرلارینی
کیکره ویکه یاونغه دیکه
قولدا


18


قولیدا اسیر بسیر بولغای
دورلا روالله اعلم بالصواب
سنه ۵
خاتونلارنیک واقعه سی ۳۲
ای خلایقلار ایشتینگلار [illegible]
دنیانی بر اسکی بلوب دور
دیدورلار خبر تینکلار یوق
یالغان دینی تنکلار [illegible] سوزلار
عراب باغینکلار ترا خاتون نی


19


اوغاق ایلام دیدور اوزون خاتون نی
غنچه ایلام دیدور قارغو خاتون نی چرانا
نی ایلام دیدور ریان خاتون نی
یواش ایلام دیدور سرانک
خاتون نی چابه ایلام دیدور غیبت
کر خاتون نی موندا اش ایلام
دیدور اجغی ریان خاتون نی تاتلیغ
ایلام دیدور ازرو شتقاق خاتو
نی عسل ایلام دیدور جغی خاتون نی


20


نبات ایلام دیدور کالة خاتوننی
یورغا ایلام دیدور سبع خاتوننی
شکر ایلام دیدور جغاق
خاتوننی خمار ایلام دیدور
قوخاق خاتوننی رعنا خان
دیدور یوغان خاتوننی جنبشة
خان دیدور جلاب خاتوننی
مستوره خان قیز دیدور توکار
خاتوننی سارخان دیدور


21


بیلدیم مانکیسه الاجوق دیدور
اهسته مانکسه باغ تا خان دیدور
توولاکی تیلیسه کافکی دیدور
کی تیلماسه کونکلی دیدور توواسه
کلا قورساق دیدور آفرینسه
نان بیماس دیدور ایشیک تیلیسه
دنیا فرست دیدور اسنسه
تیلماسه هودون قیز دیدور توولا
قل نفر جلاسه اوغری دیدور
[illegible]


22


قل نفر جلاماسه بخیل دیدور
یمان آدم نی قابیل اخوند
دیدور جلاب خاتوننی دفادار
نجیب دیدور کیشی آدم نیک کسی
ارتماید ور یاننکی جزا نه خدر
بی نماز نیک کیفی اونکلونور
روزه بحشر کونیده کیشی که فرشته
تیلیسه سوزتو شوبه کیشی کیملیکا کونکلی
اوار بر کیچی دنیا قیلغوچی تماکوه


23


تار تغوچی جنز الحکومی قیامت
کونی بهشته دین نیغیبدور
اطرپیله طیوه نینک حکایتی
[illegible]
اول کون برلان


24



25



26



27

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ئىشلەيدۇ)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف

# مەۋلانا لۇتفىي شېئىرلىرىدىن

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** لۇتفىينىڭ قولىمىزدىكى تەرمە دىۋانى دوكتور گۇناي قارائاغاچ لۇتفىي دىۋانىنىڭ پارىژ، لوندون، گوتھا، ئىستانبۇل، تېھران ۋە بۇرسا نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تۈزگەن تەنقىدىي مەتنىدىن چەتتە قالغان. يازمىدا ئىپادىلەنگەن تىل لۇتفىي دىۋانىنىڭ پارىژ ۋە لوندون نۇسخىلىرىدىكىگە قارىغاندا يېڭىراق بولۇپ، 16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. كاتىپنىڭ شېۋىسىدىن بولسا كېرەك، بەزى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئورنى جەھەتتىن ماسلىششى بۇزۇلغان. مەسىلەن، «اوتونك ــ اوتينك» (ئۆتۈك ــ ئۆتىك). يازمىدا گۇناي قارائاغاچ تۈزگەن تېكىستتىكى 1، 2، 13، 17، 23، 27، 28، 34، 40، 47، 48، 58، 59، 107، 111، 115، 119، 130، 147، 152، 167، 198، 229، 242، 277، 290، 352، 390، 437، 469، 419، 491، 500 رەقەملىك شېئىرلار جاي ئالغان بولۇپ، گۇناي قارائاغاچ تېكىستىگە ئاساس بولغان پارىژ نۇسخىسى بىلەن قىسمەن مەتىن پەرقلىرى مەۋجۇت.

ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئۇشبۇ قول يازمىدىكى شېئىرلاردىن لۇتفىي شېئىرلىرىنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982ـ يىللىق 1 ـ سانى بىلەن1997 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا يوقلىرىنى ئوقۇلغۇسى ۋە فاكسىملى بىلەن بەردۇق.

1

~ — V / V — — V / V — — V / V — —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيل

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەقسۇر)

ئەي غەمزەسى مىسكىنلەرە كۆپ قىلغۇچى بىداد،
جادۇ قاراقىڭ سىھر ئىلە ھارۇتغا ئۇستاد.
بىر يولى بۇ بىچارە دۇئاچىڭنى ئۇنۇتما،
بىر كۈن ساڭا بۇ سۆزلەرىمىز كەلگۇسىدۇر ياد.
فەريادىم ئۇشۇل يەرگە يېتىپتۇر، كى نېچەكىم،
فەرياد ئېتەرەم، مەندىن ئېشىتمەس كىشى فەرياد.
تاغنى ئېرىتۇر ئاھىم ئەسەر قىلغۇسى بىر كۈن،
كۆڭلۈڭ نېچەكىم بولسا تېمۇر، تاش داغى پۇلاد.
بار قۇللۇغىڭىز ئىشقى ھەنوز سەرۋ باشىندا،
تۈزلۈك بىلە گەرچە ئانى قىلمىش قەدىڭ ئازاد.

هەم دەرد ئىلە ھالىمنى دېيىنكىم تۇشە باۋەر،
ئولدەمكى يولۇقسا ماڭا مەھشەر كۇنى فەرھاد.
بۇ لۇتفىيى دىلخەستەغە گەھ ـ گەھ نەزەر ئەيلە،
ئەي تۇركى سەمەن سائىدۇ ئەي ھۇر پەرىزاد.

2

~—V / V— —V / V— —V / V— —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيل

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەقسۇر)

ئەي مەگلەرى فىلفىل، كۆزى كافىر، يۈزى كافۇر،
ئاسرۇ داغى بولما بۇ كېچەر ھۇسنۇڭا مەغرۇر.
سەن ھۇسن ئېلىنىڭ شاھى سەنۇ بەندە تىلەنچى،
سەن دىلبەرى گۇلرۇخ سەنۇ مەن بۇلبۇلى مەھجۇر.
ئول ئارەزۇ زۇلفۇڭ ھەۋەسىدىن چۇن ئۆلەرمەن،
ھەر كېچە مەزارىمغا تۆكۈلسە نې ئەجەب نۇر.
بۇ ھۇسن كى بار سەندە، تاپىلماس پەرىلەردە،
قىلساڭ نېچەكىم ناز، تۇتارلار سېنى مەئزۇر.
جەۋرىڭنى تىلەر بەندە ۋەلې ياخشى ئېمەسكىم،
ياخشى كىشىلەر بولسا يامانلىق بىلە مەشھۇر.
مەن گەرچە جەفا ئوتىغا ياندىم، تانا ئالمان،
خاھ كۆز ئىلە ئۆلتۇر مېنى خاھ يۈزۈمە يۈز ئۇر.
ئول جادۇ كۆزۈڭ لۇتفىغا ئانچە نەزەر ئەتمەس،
قالماس كىشى پەرۋاسى ئاڭاكىم ئولا مەخمۇر.

3

—V— / V— —V / V—V— / V— —

مەفئۇلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن

(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئول سانىئىكى خىلقەت ئېتمىن قىلدى باشۇ كۆز،
ھېچكىمگە سەنچە بەرمەدى ئەييارە قاشۇ كۆز.
ھەيران قالۇر يۈزۈڭدە كۆزۈ ياش خەبەر بېرۇر،
بولدى مېنىڭ جانىمغا بەلا بىيىك ياشۇ كۆز.
قالسا يۈزۈڭدە كۆز، نې ئەجەب خىيرەكىم نەزەر،
قاسىر ئېرۇر چۇ بولسا مۇقابىل قۇياشۇ كۆز.
سەۋدى كۆڭۈل سېنىڭۇ كۆزۈم ساچتى دۇررى ئەشك،
سىررىمنى ئالەم ئىچرە كۆڭۈل قىلدى فاشۇ كۆز.
ئول كۆز ئاغىزنى لۇتفى دېمەس نەرگىسۇ نەبات،
ئاغزىڭ كۆزۈڭ قاشىندا ئالارغا نې باشۇ كۆز.

4

— — V / V — — V / V — — V / V — —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن

(هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئول ئارەزۇ رۇخسار ئۇزە زۇلف، ئەي ئېگى لالە،
ئايدىندا ياتۇر گۇل ئۇزە بىر ھىندۇ ئۇزالە.
سەندىن تىلەمەن مىھر، كى دىۋانى ئەزەلدىن،
بىرەھم كىشىلەرگە ئېرۇر ھۇسن ھەۋالە.
يۈزۈڭنى بۇكۇن يۈزۈمە قوي، ئەي تولۇن ئايىم،
نۇقسانغا قويار يۈزنى چۇ ئاي يەتسە كەمالە.
ۋەسفى مەيى لەئلىڭغە قۇلاق تۇتتى سۇراھىي،
كىرپىكلەرىدىن ياشى ئاقىپ تولدى پىيالە.
تا قويدى مېنىڭ باغرىما نەيدەك قەدىڭىز داغ،
ئۇششاق ئارا سالدى نەفەسىم زارىيۇ نالە.
گەر ئىستەمەس ئۆلساڭ قارا بەختىمنى پەرىشان،
جەمئ- ئەتمە يۈزۈڭ لالەسى ئۇستىدە كۇلالە.
لۇتفىينى فىراق ئۆلتۈرەدۇر تىغ نې ھاجەت،
ئول ئۆلسە ئېرۇر سەھل سەن ئاي كىرمە ۋۇبالە.

5

— — V / V — — V / V — — V / V — —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن

(هەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي زۇلفى تۇن ئوغرىسىيۇ لەئلى لەبى خۇنىي،
ئالەم بارى ئول ئوغرىيۇ ئول خۇنى زەبۇنى.
ئىشۋەڭ مېنى كۆيدۇردىيۇ ئۆلتۈردى داغى ناز،
ئەي خەتم ساڭا ئىشۋە بىلە ناز فۇنۇنى.
زەنجىردۇرۇر گەرچە كى دىۋانە ئىلاجى،
ئول سىلسىلەئى ساچدىن ئېرۇر ئەقل جۇنۇنى.
نازۇك قەدىڭىز بىرلە قاچان تەڭ بولۇر سەرۋ،
كىم ياخشى ئېمەستۇر كىشىنىڭ ئاسرۇ ئۇزۇنى.
جان دېدى ئانى لۇتفىي ئىراقتىن، چۇ كۆرۈندى،
جىم ساچى، ئەلىف قەددى بىلە ئول قاشى نۇنى.

6

— V — / V — — V / V — V — / V — —

مەفئۇلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن

(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي ئوردۇيى جەمالى تۇرا ئاي لەشكەرى،

مىسلى تۇ ھەرگىز ئادەمدىن تۇغمادى پەرى.
چولپان كۆزۈڭ ئەگەر تەلەبەد جان بەيەك نىگاھ،
سەۋدا كۇنىم زانكى ئېرۇر ياخشى مۇشتەرى.
قۇدرەت ئېلى بىتىدى زى دىۋانى لەمىيەزەل،
جانھا سۇيۇرغالى تۇۋۇ جان نىز ھۇدبەرى.
زىنسان چەرىكى زۇلف ياساپ گەر رەۋى بەباغ،
قالقان بىلە زەر ئاۋەرەدەت گۇل بەساۋەرى.
چۇن ھەلقە تا بەگۇشى تۇ يەتكەي ئۇمىد ئىلە،
چەشمەم فىشانەد ئىنچۇۋۇ يۇز قىلدى زەرگەرى.
ئەز مالىكانى ھۇسن كى دارەد سېنىڭ بىكى،
مەھبۇبى ئەرتەكىيۇ نىگارى ئىجاۋەرى.
دەريابە كەئبەئى دىلى لۇتفىينى لۇتف ئىلە،
ھەج فەرز ئېرۇر ساڭا چۇ بەخۇنى تەۋانگەرى.

7

— — V / — V — V / V — —

مەفئۇلۇ مەفائىلۇن فەئۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى ئەخرەبى مەقبۇزى مەھزۇف)

سانىڭ چۇ بۇ نەقشى قاش قىلدى،
ئەل ئىشقىدا تەركى باش قىلدى.
چۇن رەھمىسىز ئۆلدى ئول يازۇقدىن،
كۆڭلىنى خۇداي تاش قىلدى.
يىغلاتتىيۇ باردى بىزنى ئول ياش،
ھەر نە ماڭا قىلدى ياش قىلدى.
جان قەسدىغە قاشۇ كۆزى يۇز مىڭ،
بىر بىرى بىلە كېڭەش قىلدى.
لۇتفىي غەمىڭىزنى كۆپ ياشۇردى،
كۆز ياشى، نېتەيكى، فاش قىلدى.

8

— V — / — — V — / — — V —


فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف)

قامەتىمنى نېچە ھەجرىڭ يا قىلا،
نېچە ھەجر ئوتى جانىمغا ياقىلا.
غەمزە بىرلە تۆكتى قانىم ئول نىگار،
تا ھىنادەك قان ئېلىنە ياقىلا.

9

— V — / — — V — / — — V —



1

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
(رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف)

سىندى كۆڭلۈم شىيشەسى غەم تاشىدىن،
قان سىرايەت قىلدى ئىچۇ تاشىدىن.
قورقارام سەن ھەم ۋەفاسىزلار كەبى،
بولماغايسەن ئىچى كۇفرۇ تاشى دىن.

10

— V — / — — V — / — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
(رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف)

مەن كۆڭۈل بەردىم ياڭاغىلىڭ ئالىنە،
بولمادىم ۋاقىف بۇ مەكرۇ ئالىنە.
ئەمدى لابۇد چارە يوق كۆرمەك كېرەك،
ھەر نە تەڭرى يازمىش ئولسا ئالىنە.

11

~ V — / — — V — / — — V —

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلان
(رەمەلى مۇسەددەسى مەقسۇر)

فۇرقەتىڭدە بولمىشام زارۇ زەئىف،
تەڭرى ئۈچۈن مۇندىن ئارتۇق قىلما زار.
چۈن مېنىڭ قانىمنى تۆكتۈڭ ھەجر ئىلە،
ئۆز ئېشىكىڭ تەگرەسىندە قىل مەزار.

12

— — V / V — — V / V — — V / V — —

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن
(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ئاغزىڭ بىلە پىستە ئۆچەشۇر ھېچ ئۇيالماس،
ئول ئاغزى ئاچۇق بادىغىسى پۇچلىغىن كۆر.


13

— V — / V — — V / V — V — / V — —


مەفئۇلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن
(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

سۆز سىغماس ئول ئاغىزغاكى، «مائۇل بەقا» دېدىم،
باق سۆز يىراقلىغىنەكى، مالاكەلام ئېرۇر.


فاكسىمىلى:




2




3




4




5




6



7



8



9

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا نۇر

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

## ئوغرىنىڭ قىسمىتى

ھاياتىنى ھالال مېھنەت بىلەن كەمبەغەللىكتە ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ بۇ ھالىتى بىلەن بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ باي بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئوغرىلارنىڭ تەييارغا ھەييار بولۇپ ياشايدىغانلىقىغا ھەۋەس قىلىپ قالدى ۋە شۇ كەسىپنى ئۆگىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ مەھەللىسىدىكى ئازچە مۇنچە ئوغرىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بىرسىدىن مەسلىھەت سورىغانىدى، ئۇ كىشى يىگىتكە شۇنداق دېدى:

— نىشاپۇر شەھىرىگە بارساڭ، بۇ كەسىپتە ۋايىغا يەتكەن بىرسى بار، شۇ ئادەمدىن تەلىم ئالساڭ، ماھىر ئوغرىلاردىن بولالايسەن.

ئۇ نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى تارتىپ نىشاپۇر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئىزدىگەن كىشىنىڭ تۇرالغۇسىنى تېپىپ بېرىپ ئۇنىڭغا مۇددىئاسىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— جانابىي ئۇستاز، مەن ئوغرىلىق ئىلمىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش مەقسىتىدە ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى، ئۇستاز ھەۋەسكارغا ئوغرىلىق ئىلمىدىن ناھايىتى كۆپ دەرسلەرنى بەردى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇستاز ھەۋەسكارنىڭ ئالدىغا غىزا كەلتۈردى ۋە ئۇنى:

— قېنى يىگىت، تائامنى سول قولۇڭ بىلەن يېگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

ھەۋەسكار ئۆمرىدە سول قولى بىلەن غىزالىنىپ باقمىغانىدى، قانچە تىرىشسىمۇ تائامنى ھۇزۇرلىنىپ يېيەلمىدى ۋە ئىنتايىن راھەتسىزلەندى.

ھەۋەسكارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىل كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئۇستاز ئۇنىڭغا دېدى:

— ئوغلۇم، سەن ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان كەسىپ شۇنداق بىر كەسىپكى، ئەگەر ئوغرىلىق قىلىش جەريانىدا قولغا چۈشۈپ قالساڭ، ياكى ئىشلىرىڭ ۋاقتىنچە بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق بولسىمۇ كېيىنچە پاش بولۇپ قالساڭ، ھامان بىر كۈنى قازىخانىدا ئوڭ قولۇڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن. شۇ ۋاقىتتا قىيىنىلىپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ سول قولۇڭ بىلەن غىزالىنىشقا ئادەتلىنىشنى مەشىق قىلىشىڭ كېرەك.

بۇنى ئاڭلىغان ھەۋەسكارنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى ۋە ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىگە كېلىپ ئۇستازىغا دېدى:

— تاغنى تالقان قىلىشقا قابىل شۇنداق بىر قولنى نابۇت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇش خەۋپىنى تۇغدۇرىدىغان بۇنداق ھۈنەرنىڭ مېھرىدىن كەچتىم.

## ئالدانغان ئوغرى

شېرىكلىشىپ ئوغرىلىق قىلىدىغان بىر گورۇھ ئوغرىلار ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر زەردارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىردى. سەزگۈر زەردار ئاياغ تىۋىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئۆگزىدە ئادەم بارلىقىنى سېزىپ قالدى. ئەقىللىق زەردار بىر ھىيلە ئويلاپ خوتۇنىنى ئويغاتتى ۋە ئۇنى ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈردى ھەم نېمە قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئۆگەتتى. خوتۇنى ئېرىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۇنى تۈرتۈپ ئويغاتقان بولدى ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېرىدىن سورىدى:

— دادىسى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭچۇ، ئايدىڭ كېچىدە ئۇيقۇم قاچتى، ئۇزاقتىن بېرى جاۋابىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىر سوئال مېنى قىيناپ جېنىمغا تەگدى. دادىسى، ئېيتىپ بېرىڭچۇ، سىز ئىلگىرى باي ئائىلىنىڭ ئوغلى ئەمەس تۇرۇقلۇق مۇنچە كۆپ مال - دۇنيانى قەيەردىن قانداق قىلىپ توپلىغانىدىڭىز؟

زەردار قەستەن ئۇيقۇلۇق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— خوتۇن، بولدى قويساڭچۇ، تاتلىق ئۇيقۇڭنى ئۇخلىغىنە، مېنى تىنچ قوي، بۇنداق سوئاللارنى سوراۋېرىپ بېشىمنى ئاغرىتما، سەن «تامنىڭ تۆۋىدە چاشقان بار، چاشقاننىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئەگەر راستىنى ئېيتسام، بىرەر كىشىلەر ئاڭلاپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ئەگەر بىرەر كىشى بىلىپ قالسا، ئابرۇيىمىز تۆكۈلىدۇ، جامائەت ئارىسىدا يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمەي قالىمىز، يېقىنلىرىمىز بىزدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، ياخشىسى ئۇيقۇڭنى ئۇخلا.

خوتۇنى زەردارنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنمەستىن ئۇنىڭغا ئەركىلىگىنىچە ئۇنى تۈرتۈپ دېدى:

— دادىسى، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئېيتىپ بېرىڭچۇ، بۇ تۈن كېچىدە كىممۇ ئاڭلاپ قالاتتى، ئېيتىپ بېرىڭە.

زەردار ئەتەي زەردە بىلەن دېدى:

— ئېرىنىڭ يوشۇرۇن سىرى بىلەن خوتۇنىنىڭ نېمە ئىشى بار؟ بۇنى نېمىشقا سورايسەن؟

خوتۇنى دېدى:

— مەن سىزنىڭ، سىز مېنىڭ، مەن بارلىقىمنى سىزگە بېغىشلىغان، بارلىق سىرلىرىمدىن سىزنى خەۋەردار قىلغان، شۇ سەۋەبتىن سىزنىڭ سىرلىرىڭىزنى بىلگۈم، ئورتاقلاشقۇم كېلىدۇ. ئېيتىپ بېرىڭچۇ.

زەردار خۇرسىنغان بولۇپ سۆز باشلىدى:

— بوپتۇ، دېسەم دەي، بىراق سىر ساقلاشقا ۋەدە بەر، ئاڭلىغانلىرىڭنى ئىككىنچى بىر ئىنسانغا تىنغۇچى بولما. بۇ مال - دۇنيالارنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلىغانىدىم. كىچىكىمدە يېتىمچىلىكتە چوڭ

بولغانىدىم، بالىلىقىمدا كۆرمىگەن مۇشەققەتلىرىم، چەكمىگەن زەخمەتلىرىم قالمىغان، كوچا - كويلاردا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ ياشىغانىدىم، كەچۈرمىشلىرىمنىڭ قايسى بىرىنى سۆزلەپ تۈگىتەي، خوتۇن. بىلىشىڭ كېرەككى، ياش ۋاقىتلىرىمدا ئاجايىپ كارامەتلىرىم بار ئۇستا ئوغرى ئىدىم. ئايدىڭ كېچىلەردە دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تېمىغا يامىشىپ ئۆگزىسىگە پەم بىلەن چىقىپ، سېھىرگەر مومايىنىڭ ئوتتۇننى يېرىپ، سۈيىنى توشۇپ بېرىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىۋالغان ئەپسۇننى ئوقۇيتتۇم، يەنى، ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ يەتتە قېتىم «شالىم، شالىم» دەيتتىم - دە، ئاي شولىسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىينالمايلا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا سەكرەپ چۈشەتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۇقىرىقى ئەپسۇننى يەتتە قېتىم دېيىشىم بىلەن ئۆيدىكى پۇل ۋە قىممەتباھا بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ئالدىمغا ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ كېلەتتى، مەن ئۇلارنى كۈچۈمنىڭ يەتكىنىچە، كۆتۈرەلىگىنىمچە ئېلىپ يەنە قايتىدىن يۇقىرىقى ئەپسۇننى يەتتە قېتىم ئوقۇپ ئاينىڭ شولىسىغا ئولتۇرۇپ پەنجىرىدىن چىقىپ كېتەتتىم. مانا شۇ ئەپسۇننىڭ خاسىيىتىدىن مېنى ھېچكىممۇ كۆرەلمەيتتى ۋە گۇمانمۇ قىلالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بايلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن بەگزادە سالاھىيىتى بىلەن ساڭا ئۆيلەندىم ۋە بارا - بارا مەشھۇر زەردارغا ئايلاندىم. بارلىق سىرىمنى ساڭا قالدۇرماي دەپ بەردىم، بۈگۈندىن ئېتىبارەن مەندىن بۇ توغرۇلۇق ھېچ نەرسە سورىغۇچى بولما. ئېسىڭدە بولسۇن خوتۇن، بۇلارنى ھەرگىزمۇ ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما، ھەتتاكى ئاڭلىغانلىرىڭنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەت، بۇ ئەپسۇننىمۇ بىرەر ئادەمگە ئۆگەتكۈچى بولما. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندەك قىلەدۇ، ئەمدى كۆڭلۈڭ تىنغان بولسا ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، مەنمۇ ئۇيقۇسىراپ تۇرۇپتىمەن.

ئۆگزىدە تۇرۇپ زەردارنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغان ئوغرىلار، ئەپسۇننى ئۆگىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىنتايىن ئامەتلىك ۋە بەختىيار ھېس قىلىشىپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ يېتىشتى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، زەردار ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغان ئوغرىلارنىڭ سەردارى شەپە چىقارماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەتتە قېتىم «شالىم، شالىم» دېگىنىچە، ئۆگزىدىن پەنجىرىگە پۇتىنى سۇندى - دە، موللاق ئاتقىنىچە ئۆگزىدىن يەرگە دۈم چۈشتى. تەييارلىنىپ ياتقان زەردار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ياتقان يېرىدىن تۇرالمايۋاتقان، ھەتتا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن ئوغرىنى توقماق بىلەن كۆچەپ ئۇرۇپ، ئۇلارنى نىمجان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ دېدى:

— ئاتا - بوۋامدىن قالغان قىممەتلىك بايلىقلارنى، ئەزىز ئۆمرۈمنى سەرپ قىلىپ، مېھنەت ۋە پەم - پاراسىتىم بىلەن توپلىغان مال - دۇنيالىرىمنى ئاسانلىقچە ئوغرىلاپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ئېيتتە، كىمسەن ئۆزۈڭ؟ ئېيتمىساڭ ئۆلتۈرىمەن سېنى.

قىمىرلىغۇدەك ھالى قالمىغان ئوغرى ئەلەم ۋە زەردە بىلەن دېدى:

— كىم بولماقچىدىم؟ مەن شۇ ساڭا ئوخشاش ھىيلىگەر، مەككارنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ قولغا چۈشۈپ قالغان نادانمەن.

## ئاداشقان ئوغرى

بىر كۈنى تۈن كېچىدە تولىمۇ نامرات، ئىنتايىن كەمبەغەل بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىردى ۋە پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىش كويىدا تىمىسقىلاۋاتقىنىنى سېزىپ قالغان ئۆي ئىگىسى ئوغرىغا شۇنداق دېدى:

— ئەي بۇرادەر، ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇۋاتىسەن، سەن بۇ ئۆيدە تۈن قاراڭغۇسىدا ئىزدەۋاتقان نەرسىنى

بىز كۈپكۈندۈزدە چىراغ يېقىپمۇ تاپالمايمىز ئەمەسمۇ.

## ئالىم بىلەن كېمىچى

بىر ئالىم دېڭىز سەپىرىدە ئىدى، ئۇ دېڭىزدا بىرقانچە كۈن يۈرگەچكە بىرئاز زېرىكىشلىك ھېس قىلدى ـ دە، كېمىچى بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ سورىدى:

— ھېساب ئىلمىنى بىلەمسىز؟

كېمىچى ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ھەي، نېمىسىنى دەيسىز؟ مەن بىر ئاددىي ئادەم تۇرسام، ئۇنداق مۇرەككەپ ئىلىمنى نەدە يۇرۇپ ئۆگىنىمەن؟ ئالىم مەنسىتمىگەن ھالدا دېدى:

— ئۇنداقتا يېرىم ئۆمرۈم زايە بولدى دەڭ.

كېمىچى خىجالەتچىلىكتە سۆكۈتكە چۆمدى. ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي دېڭىز دولقۇنى مەۋج ئۇ- رۇپ تاشقىن بولدى، كېمىنىڭ چۆكۈپ كېتىشۋاتقانلىقىدىن قورققان كېمىچى جىددىي ھالەتتە ئالىمدىن سورىدى:

— سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟

ئالىم ئالاقزادىلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ياق، بىلمەيمەن.

كېمىچى سالماقلىق بىلەن دېدى:

— ئۇنداقتا پۈتۈن ئۆمرۈم زايە بولدى دەڭ.

## مەقسەت

بىر باي كىشى گۈزەل بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ خىزمەتكارى ئارقىلىق ئايالغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ دېدى:

— مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا كۆيدۈم، ياندىم، سەنسىز تۇرمۇشتىن ھوزۇرۇم يوق، سەنسىز ھاياتتا مەنە يوق، تاڭدىن تونگىچە ۋە تۈندىن تاڭغىچە پەقەتلا سىنى ئويلايمەن...

خىزمەتكار گۈزەل ئايالنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ باينىڭ ئۇنى «سۆيىمەن» دېگىنىنى ئېيتتى. ئايال ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇ بۇ سۆزنى شۇ قەدەر سوغۇق ئېيتتىمۇ؟

خىزمەتكار جاۋاب بەردى:

— باي كۆيۈپ تۇرۇپ ئۇزاق سۆزلىدى، بىراق باي ئاكىنىڭ دېمەكچى بولغىنى مۇشۇ شۇ.

## غەيۋەت

ئەندىجان رەستىسىدىكى قەدىمىي چايخانىغا بىر كىشى دائىم ھەممىدىن بالدۇر كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى. بۇنىڭغا قىزىقسىنغانلاردىن بىرسى ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردى:

— چايخانىدا بىرگە ئولتۇرغان ئولپەتداشلار داۋاملىق تېخى يېتىپ كەلمىگەنلەرنىڭ ياكى بالدۇر

قايتىپ كەتكەنلەرنىڭ كەينىدىن غەيۋەتنى قىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچكىم مېنىڭ كەينىمدىن غەيۋەت قىلمىسكەن دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەممىدىن بالدۇر كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىپ كېتىمەن.

## تىلەمچى

تىلەمچىلىكتە تەڭدىشى يوق بىر گاداي بار ئىدى، قوشنىسىنىڭ يېتىم قالغان ئوغلى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىردى. ئۇستازى ئۇنىڭغا شۇنداق تەلىم بېرىشكە باشلىدى:
— مەيلى كىم بولسا، مەيلى قەيەردە بولسا، مەيلى نېمە ئىش بولسا، بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇۋالمىغۇچە ھەرگىز كەينىڭگە يانما.

ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتتى. ئۇستاز تىلەمچىلىك قىلىشتىكى بارلىق ھۈنىرىنى شاگىرتىغا ئۆگىتىپ بولدى ۋە ئۇنىڭغا مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ ئۈزىتىپ قويدى. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ھامامدا ئۇچرىشىپ قالدى. لېكىن، ئۇستازى ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ گاداي سىياقىغا كىرىپ قالغان شاگىرتىنى تونۇيالمىدى. شاگىرتى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سوزۇپ يېلىنغان تەلەپپۇزدا دېدى:
— ئەي ساخاۋەتچى، سەدىقە بەرسىڭىز.
ئۇستاز تىلەمچىنىڭ ئىلتىجاسىدىن ھەيران بولۇپ دېدى:
— ساڭا نېمە بېرىمەن؟
شاگىرتى دېدى:
— نېمە بولسا شۇنى بېرىڭ.
ئۇستازى دېدى:
— مۇشۇ ھامامدىما؟
— قەيەردە بولسا مەيلى، بېرىڭ.
ئۇستازى ئەجەبلىنىپ دېدى:
— ھەي، مەنمۇ تىلەمچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھامامدا يالىڭاچ تۇرىمەن.
شاگىرتى ئۇستازىغا يەنە بىر قەدەم يېقىنلىشىپ، كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ، قولىنى تېخىمۇ ئۇزۇن سوزۇپ تۇرۇپ دېدى:
— مەيلى كىم بولۇڭ، مەيلى قەيەردە بولۇڭ، نېمىڭىز بولسا شۇنى بېرىڭ.

## ئەجىر ھەققى

ئۆزىنى جاۋاھىرات دۇنياسىنىڭ سەردارى ھېسابلاپ يۈرىدىغان بىر زەردارنىڭ قىممەت باھالىق گۆھەر - جاۋاھىرلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بۇ جاۋاھىرلاردىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇمى ياسىماقچى بولدى، ئۇ بىر كۈنلۈك ئەجىر ھەققى ئۈچۈن يۈز دىنار ھەق بېرىش شەرتى بىلەن بىر ھۈنەرۋەننى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ھۈنەرۋەن ئىش باشلىماقچى بولۇپ، تۇيۇقسىز بۇرجەكتە تۇرغان چاڭنى كۆرۈپ قالدى - دە، بىر دەم سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى. بۇ ھالنى سەزگەن زەردار ئۇنىڭدىن سورىدى:
— چاڭ چېلىشنى بىلەمسەن؟
ھۈنەرۋەن سىلىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى:
— ئەلۋەتتە بىلىمەن.

ھۇنەرۋەن ھەقىقەتەنمۇ چاڭ چېلىشتا ۋايىغا يەتكەن ماھىرلاردىن ئىدى. زەردار ئۇنىڭغا:

— قېنى، چاڭنى قولۇڭغا ئېلىپ بىلگەن ئاھاڭىڭغا چالغىن، — دېدى.

ھۇنەرۋەن چاڭنى قولىغا ئېلىپ يېقىملىق بىر كۈيگە چېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھايىتى خۇش ئاۋاز بىلەن تەڭكەش قىلىپ ناخشا باشلىدى. ھۇنەرۋەن شۇ تەرىقىدە ئارقا ئارقىدىن بىلگەن كۈيلىرىنى كۈيلىدى، زەردار بولسا ھەممىنى ئۇنتۇتقان ھالدا زوق بىلەن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، جاۋاھىرلار بولسا ئەسلى ھالىتى بويىچە قالدى. شۇنداق قىلىپ، كەچ بولدى، ھۇنەرۋەن كۈيلەشتىن توختاپ، چاڭنى جايىغا قويۇپ قويدى ۋە زەرداردىن ئىش ھەققىنى سورىدى. زەردار ئېيتتى:

— جاۋاھىرلار قانداق بولغان بولسا شۇ ھالىتىدە قالدى، قىلىنمىغان ئىش ئۈچۈن ھەق بېرىلمەيدۇ.

ھۇنەرۋەن زەردارغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى:

— مەن سېنىڭ خاھىشىڭ بويىچە بۇيرۇغان ئىشىڭنى قىلدىم، ئەجرىم ئۈچۈن ھەق تۆلىمەسلىككە ھەققىڭ يوق.

شۇنداق قىلىپ، زەردار ھۇنەرۋەنگە ۋەدە قىلغىنى بويىچە ئەجىر ھەققى ئۈچۈن يۈز دىنار بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

## بىر يالاقنىڭ ئىتلىرى

خىلۋەت كوچىدىكى ۋەيرانە بىر ھويلىدا بىر كەمپىر ياشايتتى. ئۇ ئالداپ كېلىنگەن، بېشىغا كۈن چۈشكەن قىزلارنى ئۆيىدە ساقلايتتى ۋە بۇ جايغا كېلىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئەرلەرنىڭ رايىنى قايتۇرمايتتى. دېمەك، بۇ ئۇنىڭ تىرىكچىلىك يولى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن گۈزەل، نازىنىن، ئىنتايىن لاتاپەتلىك بىر قىز بار ئىدى، دەللال كەمپىر ئۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ نەپكە ئېرىشىشنى ئويلايتتى. لېكىن، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، بەقۇۋۋەت، شېرىن سۆزلۈك بىر بايۋەچچە يىگىت بۇ گۈزەل قىزنى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قېلىپ، باشقا ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىغا پۇرسەت بەرمەيتتى ھەم يول قويمايتتى. بۇ ھال كەمپىرنىڭ تەمە قازىنىنى ئۆرۈپ، تاپاۋىتىنى كېمەيتىۋەتتى. گۈزەل قىز بىلەن بايۋەچچە بىر - بىرىدىن بىرەر كۈنمۇ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، بۇ ھال كەمپىرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئۇ قىزنىڭ يىگىتكە ئەگىشىپ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يىگىتنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بىر كۈنى ئۇ قىز بىلەن يىگىتنى ئالاھىدە مېھمان قىلدى ۋە ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە شاراب ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويدى. قىز بىلەن يىگىت كەمپىرنىڭ سۇيىقەستىدىن بىخەۋەر شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان پەيتتە، كەمپىر بىر قومۇش نەيچىسىنىڭ بىر ئۇچىغا زەھەر سېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى يىگىتنىڭ بۇرنىغا توغرىلاپ، قومۇشنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ لېۋىگە قىستۇرۇپ زەھەرنى يىگىتنىڭ دىمىقىغا پۈۋلەپ كىرگۈزۈشكە تەمشەلگەن پەيتتە، ئۇيقۇدىكى يىگىت تۇساتتىنلا قاتتىق چۈشكۈردى، نەتىجىدە زەھەر كەمپىرنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى - دە، شۇ ھامان تىن تارتماي ئۆلدى.

## كىچىككىنە ئەيىب

كۇلالچىنىڭ بويىغا يەتكەن قىزىغا ئەلچى كەلدى، يىگىت تەرەپ خېلىلا يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن ئىدى، كۇلالچى خۇشاللىقىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن مېھمانلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاغزى بېسىقماستىن قىزىنى ماختايتتى:

— كىچىككىنە ئەيىبىنى دېمىگەندە، قىزىمىز ناھايىتى چىرايلىق، خۇش پېئىل، چىقىشقاق، ئىشچان قىز بولدى.

ئەلچىلەر ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە؟ قىزىڭىزنىڭ پۇتى سەل ئاقساقمۇ قانداق؟

كولالچى ئالدىراش جاۋاب قايتۇردى:

— ياقەي، پۇتلىرى ساپمۇساق، لېكىن شۇ، كىچىككىنە ئەيىبى بار.

ئەلچىلەر بۇ مۇجمەل جاۋابتىن ھەيران بولۇشۇپ، يەنە سورىدى:

— ئۇنداقتا قىزىڭىزنىڭ كۆزى سەل ئالغاي ئوخشىمامدۇ؟

كولالچى جىددىيلىشىپ تېزلىكتە جاۋاب قايتۇردى:

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىلەر، قىزىمنىڭ كۆزلىرى شەھلا. كىچىككىنە ئەيىبى بار شۇ.

ئەلچىلەر بىر ئاز گۇماندا قالدى ۋە يېنىشلاپ سورىدى:

— ئۇنداقتا قىزىڭىز قوپاللىراق ياكى بولۇمسىزراق ئوخشىمامدۇ؟

كولالچىنىڭ ئاچچىقى كەلدى ۋە زەردە بىلەن دېدى:

— نېمە دەۋاتىسىلەر؟ قىزىمىز شۇنداق چاققان، ئىش بىلەر قىز بولدىكى، تورمۇشقا شۇنداق پۇختا. شۇغىنىسى كىچىككىنە ئەيىبى بار.

ئەلچىلەر ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى:

— بىزمۇ شۇنداق ئاڭلاپ، قىزىڭلارنى ئوغلىمىزغا مۇناسىپ كۆرۈپ ئەلچىلىككە كەلگەنىدۇق، لېكىن ئەيىبى بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىكەنمىز، سۆز يۈزدە ياخشى، ئاينى ئېيتەك بىلەن يېپىپ بولمىغاندەك، كىچىككىنە ئەيىب بولسىمۇ، كېلىن بولۇپ كىرگەندە بەربىر ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرنىڭ ئۆزىدە خەۋەردار بولغىنىمىز قىزىڭلار ئۈچۈنمۇ، سىلەر ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا بىزلەر ئۈچۈنمۇ پايدىلىقتۇر. قېنى، ئېيتىڭچۇ، قىزىڭىزنىڭ زادى قانداق ئەيىبى بار؟

كولالچى قىزارماستىن جاۋاب بەردى:

— ئەمدى شۇ، قىزىمىزنىڭغۇ ھېچقانداق چوڭ ئەيىبىمۇ يوق، شۇ ئىككىقاتىراق ئىدى.

## پىخسىق باي

پىخسىقلىقتا نام چىقارغان بىر باي بار ئىدى، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يېشىمۇ ئۇلغىيىپ، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ پىخسىقلىقىدىن بىزار بولغان ئۇلپەتلىرى ئۇنىڭ قېرىغاندا بولسىمۇ پىخسىقلىقتىن بىرئاز قول تارتىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتى:

— ئەي بۇرادەر، بەس ئەمدى. پىخسىقلىق ۋە خەسىسلىكمۇ ئۆز يولىدىراق بولۇشى كېرەكقۇ ئاخىر، بىر يارماق ئۈچۈن يۈز دومىلىمىساڭ نېمىمۇ بولار. خەسىس باينىڭ جەھلى چىقىپ جاۋاب بەردى:

— مەن نېمە ئۈچۈن بىر كۈن، بىر ھەپتە، بىر ئاي، بىر ئۆمۈرگە يېتىدىغان مېلىمدىن ۋاز كەچكۈدەكمەن؟

ئۇلپەتلىرى ھەيران بولۇشۇپ سوراشتى:

— بىز بىر يارماقنىڭ گېپىنى قىلساق، سەن بىر كۈندىن بىر ئۆمۈرگىچە بولغان مال ـ دۇنيانىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

خەسىس باي ئۇلارغا جاۋابەن دېدى:

— ئەگەر بۇ بىر يارماقنى تۈزغا بەرسەم، بىر كۈنگە يېتىدۇ، ھاممامچىغا بەرسەم بىر ھەپتىگە يېتىد ـ

دۇ، كىم يۈيغۇچىغا بەرسەم بىر ئايغا يېتىدۇ، سۈپۈرگە ساتقۇچىغا بەرسەم بىر يىلغا يېتىدۇ، مىڭ سېتە-ۋېلىپ تامغا قېقىپ قويسام بىر ئۆمۈرگە يېتىدۇ. بىر كۈنۈمدىن تاكى بىر ئۆمرۈمگىچە يارايدىغان پۇلۇم-نىڭ نېمە ئۈچۈن قەدرىگە يەتمەيدىكەنمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئايىمايدىكەنمەن؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈزنى دومىلىسام نېمە بولغۇدەك؟

## ئۆلپەتلەر

ئىككى ئاغىنە بار بولۇپ، بۇلار ئىككىسى ئايرىلماس دوستلاردىن، يېقىن ئۆلپەتلەردىن ئىدى. بىر كۈنى بىرى يەنە بىرىگە دېدى:

— ئىككى يۈز پاتمان بۇغدىيىم بار ئىدى، بىخەۋەر قاپتىمەن، شورى قورىغۇر چاشقانلار ھەممىنى توشۇپ كېتىپتۇ. يەنە بىرى سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن شۇنداق دېدى:

— مېنىڭمۇ ئىككى يۈز پاتمان بۇغدىيىم بار ئىدى، ئاچ كۆز چاشقانلار خەۋەر تاپقۇچە يۈزىمىز يەپلا تۈگىتىۋەتتۇق.

## كاللىنىڭ ئەيىبلىرى

ئەرەبلەر ئارىسىدا بالىلىقىدىن تارتىپ ھازىرجاۋابلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەبۇلەسىر ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا، دادىسى بىر كۈنى ئەبۇلەسىرگە بىر دىنار بېرىپ بازاردىن پىشۇرۇلغان كاللا سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئەبۇلەسىر بازارغا بېرىپ پىشۇرۇلغان كاللىدىن بىرنى سېتىۋالدى ۋە ئاشقان پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، كاللىنى ئېلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يېرىم يولغا كەلگەندە، ئېرىق بويىدىكى بوستان تېرەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ داستىخاننى يېيىپ ئىسسىق كاللىنىڭ گۆشىنى، ھەتتا مېڭىسىنىمۇ مەززە قىلىپ يەپ تۈگەتتى ۋە كاللىنىڭ قاق ئۇستىخىنىنى ناننىڭ ئارد-سىغا ئېلىپ ئوراپ داستىخانغا چىگىپ ئۆيگە كېلىپ دادىسىغا بەردى. دادىسى داستىخاننى ئېچىپ ناننىڭ ئارىسىدىكى كاللىنىڭ ئۇستىخىنىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەبۇلەسىردىن سورىدى:

— ئوغلۇم، كاللىنىڭ كۆزلىرى قېنى؟

ئەبۇلەسىر ھودۇقماستىن جاۋاب بەردى:

— جان ئاتا، بۇ قوي كور ئىكەن.

دادىسى يەنە سورىدى:

— ئۇنداقتا ئوغلۇم، بۇ كاللىنىڭ قۇلاقلىرى قېنى؟

ئەبۇلەسىر ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بەردى:

— جان ئاتا، بۇ قوي گاس ئىكەن.

دادىسى ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى:

— بۇمۇ مەيلى، ئۇنداقتا كاللىنىڭ تىلى قېنى؟

ئەبۇلەسىر مۇغەمبەرلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— جان دادا، بۇ قوينىڭ تىلى يوق گاچا ئىكەن.

ئوغلىنىڭ گەپدانلىقىغا ھەۋەسلەنگەن دادىسى كۈلكىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى:

— بۇنىڭغىمۇ مەيلى دەپ تۇراي، قېنى ئېيتقىنچۇ، كاللىنىڭ مېڭىسى نەگە كەتتى؟

ئەبۇلەسىر ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— جان دادا، بۇ قوي كور، گاس ۋە گاچا بولۇشتىن ئىلگىرى قويلارغا مۇدەررىس بولۇپ مېڭىسىنى قوزىلارغا يېگۈزۈپ قويغانىكەن.

دادىسى ئوغلىنىڭ يەنە قانداق سۆز ئوينىتىدىغانلىقىغا قىزىقىپ دېدى:

— ئوغلۇم، مەن بۇ كاللا گۆشىنى يېمەيمەن، بۇ كاللىنى ئاپىرىپ كاللاپەزگە ياندۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ ئەكەل.

ئەبۇلەسر تەپ تارتماستىن دېدى:

— جان دادا، كاللاپەز بۇ كاللىنى مەندىن قايتۇرۇپ ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ماڭا بۇ كاللىنى بارلىق ئەيىبلىرى بىلەن بىرگە ساتقانىدى.

## مۇغەمبەر

موللا ئەپچىلەم رەستىدىكى موزدۇز هارىس بايغا شاگىرتلىققا كىردى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى هارىس باينىڭ هۈنىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يۇگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىش ۋە ئاشقان - تاشقان غىزالارنى يېيىش بىلەن ئۆتەتتى. بىر كۈنى هارىس باي جىددىي بىر زۆرۈرىيەت بىلەن سىرتقا ماڭدى. ئۇ ئىشكتىن چىقىش ئالدىدا مالتاختىغا تىزىپ قويۇلغان بىر جۈپ ئۆتۈك بىلەن، ئاشتاختىغا قويۇپ قويۇلغان بىر كوزا هەسەلنى شاگىرتى موللا ئەپچىلەمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ تىكىپ پۈتكۈزۈپ قويغان ئۆتۈكنى ئىگىسى ئالغىلى كېلىدۇ، ئالدى بىلەن پۇلنى ئېلىپ مەهكەم سالغىن، ئاندىن كېيىن ئۆتۈكنى بەر. بۇ كوزىدا زەهەر بار، زىنهار يېقىن يولىما، هەرگىزمۇ قول تەگكۈزگۈچى بولما، بولمىسا ئۆلۈپ قالىسەن.

هارىس باي كەتكەندىن كېيىن ئۆتۈكنىڭ ئىگىسى كېلىپ پۇلنى بېرىپ ئۆتۈكنى ئەكەتتى. موللا ئەپچىلەم ئۆز ئۆزىگە: «شاگىرتنىڭ بىر تويغىنى، يېرىم ئۇستا بولغىنى» دەپ، ئۆتۈكنىڭ پۇلىدىن ئېلىپ بازاردىن نان ئەكېلىپ كوزىدىكى هەسەلگە تۆگۈرۈپ مەززە قىلىپ يەپ، قورسىقىنى راسا تويغۇزغاندىن كېيىن، غەمكىن قىياپەتكە كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. هارىس باي قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا يىغلىغان هالدا مۇنداق دەپتۇ:

— مېنى كەچۈرۈڭ جانابىي ئۇستاز، سىز كەتكەندىن كېيىن هايال ئۆتمەي ئۆتۈكنىڭ ئىگىسى كېلىپ پۇلنى بېرىپ ئۆتۈكنى ئەكەتتى، پۇلنى غەللىگە سېلىپ ئاغزىنى مەهكەم بېكىتىپ قويغانىدىم، ئارىدا غەپلەت بېسىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئويغىنىپ قارىسام غەللىدىكى پۇلنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ، قورققىنىمدىن سىز كېلىپ قالغۇچە كوزىدىكى زەهەرنى ئىچىپلا ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدىم، بىراق كوزىدىكى زەهەرنىڭ هەممىنى ئىچىپ تۈگەتكەن بولساممۇ هازىرغىچە ئۆلمەيۋاتىمەن، قارىغاندا كوزىدىكى زەهەر ساختا ئوخشايدۇ

## هەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇغرا

ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تۇقايلىقتا، بىر قوۋم كىشىلەر توپلىشىپ ياشايتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ناهايىتى يىراق ئۆتمۈشتىن تارتىپ مۇشۇ گۈزەل دەريا بويىنى ماكان تۇتۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شۇ يەردە ياشاپ كەلگەنىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارالدىكى ئاقساقاللار ئۆزئارا دېيىشتى:

— دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىزنىڭكىگە ئوخشاش ئاراللار بارمىدۇ؟ ئەگەر بار بولسا، ئۇ يەردىمۇ بىزگە

ئوخشىغان ئادەملەر ياشامدىغاندۇ؟ ئەگەر ئويلىغىنىمىزدەك قارشى قىرغاقتىمۇ ئادەملەر ياشىسا، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىپ، دوستلىشىپ، باردى ـ كەلدى جەريانىدا ھەمكارلىشىپ ياشىساق تېخىمۇ ياخشى ياشىشىمىز مۇمكىن ئىدى.

ئۇلار شۇنداق مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئارىدىن ئېسەنمۇراد ئىسىملىك بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزىنىڭ ئورۇنلىيالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ــ بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، مەن قارشى قىرغاققا بېرىپ ئۇ يەرلەردە بىزگە ئوخشاش ئادەملەر ياشايدىغان ياكى ياشىمايدىغانلىقىنى بىلىپ كېلەي، ئەگەر ئويلىغىنىمىزدەك بولسا، ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ قالارمىز.

شۇنىڭ بىلەن، ئارالدىكىلەر ئېسەنمۇرادنى ئىززەت ـ ئىكراملار، ئىزگۈ تىلەكلەر بىلەن قارشى قىرغاققا ئۇزىتىپ قويىدى. ئۇ ناھايىتى ماھىر سۇ ئۈزگۈچى ئىدى، ئۇ كۆز يەتكۈسىز قارشى قىرغاققا ساق سالامەت ئۈزۈپ باردى ۋە بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەر ياشايدىغان بىر ئارالغا يېتىپ كېلىپ ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئارالدىكىلەر بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئارالنىڭ چېتىدىكى بىر چېدىرنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بۇ كەنجىمۇراد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ چېدىرى ئىدى، ئۇ ئېسەنمۇرادنى چېدىرغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەرنى يىغىپ جار سالدى:

ــ قېرىنداشلار، ئاگاھ بولايلىكى، ئارىلىمىزغا يات بىر ئادەم قەدەم بېسىپ كەلدى، بۇ ئادەم ئەلنى بۇزۇشى مۇمكىن.

كەنجىمۇراد ئۆزىنىڭ ئويى بويىچە، ئەل ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىپ ئاخىر ئېسەنمۇرادنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئارالداشلىرى كەنجىمۇرادنى ئارالنىڭ دانا، تەدبىركار ھىمايىچىسى دەپ تەرىپلەپ، ئۇ تېخى ھايات تۇرۇپلا ئارالدا لايدىن ھەيكىلىنى قاتۇرۇشتى. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئېسەنمۇرادنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ۋە قانداق ھالاك بولغانلىقىنى بوۋىسىدىن ئاڭلىغان بىر يىگىت ئېسەنمۇرادنى «بىزنىڭ ئارىلىمىزغا تۇنجى بولۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىپ كەلگەن دانا كىشى ئىكەن» دەپ ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ لايدىن ھەيكەل قاتۇردى.

## غەپلەتتە ئۆتكەن ئۆمۈر

ئۆزبېكخانىنىڭ نۆكەرلىرى ئىچىدە شىرىيۈرەك، باتۇر بىر پالۋان يىگىت بار بولۇپ، چېلىشىش، جازبازلىق، قىلىچۋازلىقتا تەڭداشسىز ئىدى. سەردار ئۇنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن داۋاملىق دېگۈدەك ئۇنىڭ باتۇرلۇقى، كۈچتۈڭگۈرلۈكىنى ماختاپ ئۇچۇراتتى، ھەدىيەلەر تەقدىم قىلاتتى ۋە «ئۆيلەنسەڭ كۈچۈڭ ئاجىزلاپ كېتىدۇ، زېھنىڭ ۋە غېمىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىڭدا بولۇپ، جەڭگاھتا ھازىرقىدەك يېڭىلمەس ۋە جەڭگىۋار ھالىتىڭنى ساقلاپ قالالمايسەن» دەپ ئۇنى ئۆيلەنمەسلىككە دەۋەت قىلاتتى. پالۋان سەردارنىڭ ماختاشلىرىدىن مەست بولۇپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ ئۆز كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەسلىك توغرىسىدا سەردارنىڭ ھۇزۇرىدا قەسەم قىلدى. پالۋاننىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ غېمىنى يەپ، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇنى ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، پالۋان ئۇلارنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمىدى ۋە ئەھدىدىن يانمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ دوستلىرى بىلەن ئازارلىشىپ يۈردى. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا، پالۋاننىڭ ۋىجىككىنە، ئاجىزراق بىر بۇرادىرى ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا توختاۋسىز نەسىھەت قىلىپ ئۆيلىنىشكە دەۋەت قىلدى، پالۋان يەنىلا سۆزىدىن يانمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. پالۋاننىڭ جاھىل ۋە نادانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن بۇ

ۋىجىك يىگىت ئۇنىڭغا دېدى:

— ئۇنداقتا مەيلى، سەن ئۆيلەنمەي كۈچۈڭنى تېنىڭدە ساقلاپ يۈرىۋەرگىن، مەن سەن بىلەن يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن ئېلىشىشقا چۈشىمەن، كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى شۇ ۋاقىتتا بىلىپ قالىسەن.

پالۋان ئۇنى مەنسىتمىگەن هالدا دېدى:

— بولىدۇ، يىگىرمە بەش يىلدىن كېيىن سەن بىلەن ئېلىشىپ سۆڭەكلىرىڭنى سۇندۇرۇۋەتمىسەم ئۆزۈمنىڭ كۆزىنى ئۆزۈم ئويۇۋالىمەن، بۇ مېنىڭ قەسىمىم بولۇپ قالسۇن.

ۋىجىك يىگىتمۇ بوش كەلمەستىن دېدى:

— كۆرەرمىز، شۇ ۋاقىتتا سېنى يەر بىلەن يەكسان قىلمىسام مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كۆزىنى ئۆزۈم ئويۇپ ساڭا بېرىمەن.

ئۇلار شەرتلىرىنى قەغەزگە پۈتۈپ، سەردارنىڭ گۇۋاهلىقى بىلەن خان هۇزۇرىغا بېرىپ ئەهدۇ پەيمان قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ يىگىرمە بەش يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. پالۋان ۋىجىك دوستى بىلەن شەرتلەشكەن كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. سەردار ئۇلارنى خاننىڭ هۇزۇرىغا هازىر قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن نورغۇنلىغان كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ توپلىدى. چاچ ـ ساقاللىرى ئاپپاق ئاقارغان بولسىمۇ بەللىرى تېخىچە پۈكۈلمىگەن، قەددى ـ قامىتى ئازراقمۇ ئېگىلمىگەن پالۋان يەڭلىرىنى شىمايلاپ، يوغان بىلەكلىرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ ئىلگىرىكىدەكلا قىيقاس ـ چۇقان ئىچىدە مەيدانغا چۈشتى. قارشى تەرەپتىن چاچ ـ ساقاللىرى ئاپپاق ئاقارغان، بەللىرى مۈكچىيىپ ئىلگىرىكى ۋىجىك قامىتى يادەك ئېگىلىپ پۈكلىنىپلا قالغان بۈرادىرى قەددى ـ قامەتلىك، پالۋان سۈپەت ئۈچ نەپەر يىگىتنىڭ هىمايىسىدە مەيدانغا چىقتى. بۇنى كۆرگەن پالۋان قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بۈرادىرىنى مەسخىرە قىلىپ دېدى:

— چېچىلىش ئالدىدا تۇرغان سۆڭەكلىرىڭنى تەرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن بۇ يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپسەن ـ دە.

ۋىجىك چال تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ياق، ئالدى بىلەن سەن مانا شۇ يىگىتلەر بىلەن ئېلىشىسەن.

پالۋان غەزەپلىنىپ: «نېمە ئۈچۈن» دەپ قەهرى بىلەن ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىشىغا يىگىتلەردىن بىرسى كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، پالۋان قانچە كۈچىسىمۇ قولىنى يىگىتنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن بوشىتالمىدى. ئۇ ئەلەم بىلەن يىگىتكە ۋارقىرىدى:

— قويۇۋەت قولۇمنى!

ۋىجىك چال دېدى:

— قولۇڭنى نېمىشقا قويۇۋەتكۈدەك، سەن باشقىلارنىڭ ماختاشلىرىغا بېرىلىپ، كۈچۈمنى ئۆز جىسمىمدا ساقلايمەن دەپ ئۆيلەنمىگەنىدىڭ. مەن بولسام ئۆيلىنىپ ئۆز كۈچۈمنى يەتتە بالامغا تەقسىملەپ بەردىم، شۇنداقتىمۇ تۆت بالامنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، چوڭراقلىرىدىن ئۈچىنى ئەكەلدىم. سېنىڭ قولۇڭنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇپ تۇرغىنى باللىرىمنىڭ چوڭى، ئۇ يىگىرمە تۆت ياشتا، مانا بۇ بەقۇۋۋەت يىگىت ئىككىنچى ئوغلۇم، ئۇ هازىر يىگىرمە ئىككى ياشتا، مانا بۇ باهادىر سۈپەت يىگىت ئۈچىنچىسى، ئۇ هازىر دەل يىگىرمە ياشتا. هازىرچە مانا شۇ ئوغۇللىرىم بىلەن ئېلىشىپ كۆر، ئۇلارنى يەڭگىنىڭ مېنى يەڭگىنىڭ بولىدۇ.

مەيداندا بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، كۆپچىلىك قىقاس ـ چۇقان سېلىپ، ئاپىرىن

ئېيتىپ ۋارقىراشتى:

— ياشا ئەزىمەت، غەلىبە سېنىڭكى!

شۇندىلا ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەن پالۋان پىغان چېكىپ، ھەسرەت بىلەن «ئاھ! غەپلەتتە ئۆتكەن ئۆمرۈم» دەپ نالە قىلدى.

## تەقدىرنىڭ چاقچىقى

مۆمىن ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇ تۇزۇكرەك بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىش ئۈچۈن كۆپ جايلارغا باردى، نۇرغۇن يۇرتلارنى كەزدى، ئاخىرىدا بۇخاراغا كېلىپ توختىدى. شۇ كۈنلەردە، بۇخارا ئەمىرىنىڭ يالغۇز قىزى مەلىكە گۈلرويى ھوشىدىن كەتكىنىچە كۆزىنى ئاچماي ياتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. تېۋىپلارنىڭ پىكرىچە مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز مەلىكىنىڭ يېنىدىن قوزغالماي ئۇنىڭ يۈزىنى يەلپۈپ ئولتۇرىدىغان چىدامىلىق، نىيىتى دۇرۇس ھەم خالىس بىر كىشى لازىم ئىدى. ئەمىر زور مىقداردا ئىنئام ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، بۇ مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالايدىغان بىر كىشى چىقمايۋاتاتتى. ئورۇنلاش ئۈچۈن چىققانلارنىڭ بىر بولسا يۈرىكى چىدىماي، يۈرىكى چىدىغانلارنىڭ تاقىتى يار بەرمەي، تاقىتى يار بەرگەنلەر بولسا مەلىكىنىڭ گۈزەل جامالىدىن ئېسىنى يوقىتىپ ئەھدىدە تۇرالمايۋاتقان بولغاچقا، ئەمىرنىڭ باغرى تىلىنىپ تۇراتتى. مۆمىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوردا دەرۋازىسىنى قاقتى. ئەمىر مۆمىننى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن سىناپ، ئۇنىڭ چىداملىقلىقى، نىيىتىنىڭ پاكلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، قىزى مەلىكە گۈلروينىڭ يېنىدا ئۇنى يەلپۈپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. مۆمىن مەلىكىنى يەلپۈپ بىر ئولتۇرغانچە ساقمۇساق ئۈچ يىل ئولتۇردى. لېكىن، مەلىكە كۆزىنى ئاچمىدى، ئەمىر قىزىنىڭ ھەسرىتىدە كېسەلگە مۇپتىلا بولدى ۋە بىر پارچە ۋەسىيەتنامە يېزىپ، قىزىنىڭ ياستۇقىنىڭ بۇرجىكىگە قويۇپ قويدى ۋە بىرقانچە كۈندىن كېيىن ۋاپات بولدى. مۆمىن ئەمىر قويۇپ قويغان ۋەسىيەتنامىنى قولىغىمۇ ئېلىپ قويماستىن، مەلىكىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇۋەردى. ئارىدىن يەنە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەلىكە يەنە ئىلگىرىكىدەك كۆزىنى ئاچماي ياتاتتى، مۆمىن بولسا سەۋرچانلىق بىلەن مەلىكىنى يەلپۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جىددىي بىر زۆرۈرىيەت ئۈچۈن مۆمىن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ قالدى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە بىلىندۇرمەستىن ئىشىكنى ئاچتى، دەل شۇ چاغدا بىر تىلەمچى چاھارباغنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى، مۆمىن ئۇنىڭغا يۈز دىنار بېرىپ قەسىرگە باشلاپ كىردى ۋە بىر پەس مەلىكىنى يەلپۈپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. مۆمىن تېخى قەسىر دەرۋازىسىدىن چىقا - چىقمايلا، مۆجىزە يۈز بەرگەندەك مەلىكە بىرلا سىلكىنىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۇياق - بۇياقلارغا قاراپ، ياستۇقى يېنىدىكى دادىسى يېزىپ قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىنى كۆرۈپ، ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى. ۋەسىيەتنامىگە شۇنداق يېزىلغانىدى «قىزىم، ھوشۇڭغا كەلسەڭ، يېنىڭدا يۈزۈڭنى يەلپۈپ ئولتۇرغان كىشىگە ياتلىق بولغىن، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا تەختكە ئولتۇرسۇن، بارلىق مال - دۇنيالىرىم ۋە تاج - تەختىم ئىككىڭلارغا مەنسۇپ بولسۇن». مەلىكە ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىدىن ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىل ھوشسىز ياتقانلىقىنى، يېنىدىكى كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ۋاپادارلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنى يەلپۈپ ئولتۇرغان تىلەمچىدىن سورىدى:

— شۇنچە يىللاردىن بېرى مېنىڭ يېنىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، يەلپۈپ ئولتۇرغان كىشى سىزمۇ؟

نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنىدىن بىخەۋەر تىلەمچى ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا جاۋاب بەردى:

— ھەئە، شۇنداق.

مەلىكە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ:

— ئۇنداقتا ھازىردىن ئېتىبارەن مەن سېنىڭ ھالال جۈپتۈڭمەن.

## دىلئازار

پەرغانە ۋادىسىدا قەردوس ئىسىملىك بىر كىشى ياشايتتى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن مۇتەھەم، كاززاپ، باغرى تاش، ئىچى تار، ھەممە نەرسىدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان ئادەم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ قىيسىق كۆزىنى مەسخىرە قىلىپ ئەمەس، بەلكى خۇيىنىڭ سەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى «ئەلەس» دەپ ئاتىشاتتى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەيىبىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ئۇ زىنھار بويىنىغا ئالمايتتى. ئۇ ئەتراپىدا مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ئايانىماستىن شۇم ئېغىزلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرەتتى. ئادەملەرلا ئەمەس، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ، ئىشقىلىپ تىرىك جانلا بولسا ئۇنىڭغا ئازار بېرىشتىن قەتئىي يانمايتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىغا باردى. كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقارماقچىمۇ بولۇشتى. لېكىن، ئاقساقاللار كۆپچىلىكنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بېرىشنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى تەسىرلەندۈرۈش ئارقىلىق ئەيىبلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۇرتتا مەيلى يېقىن ياكى يىراقتا بولسۇن، كىمكى توي، مەرىكە، يىغىلىش، مېھماندارچىلىق ئۆتكۈزسە ئەڭ ئاۋۋال قەردوسنى تەكلىپ قىلىدىغان، ئۇنى بارلىق جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرىدىغان بولۇشتى. ئۇلار ياشاۋاتقان يۇرت شەھەردىن خېلىلا يىراقتا بولغاچقا، ھەر ئايدا بىر ياكى ئىككى قېتىم بىرقانچە ئادەم بىللە شەھەرگە بېرىپ يۇرتتىكىلەرنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرەتتى، بۇ ئۇزاق يىللىق ئۆزگەرمەس قائىدە ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆپچىلىك بەش - ئالتە ئادەمنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، تاپقان پۇللىرى، تېرىغان ماللىرىنى ئۇلارغا بەردى ۋە پۇلغا زۆرۈر بولغان لازىملىقلارنى سېتىۋېلىپ كېلىش، ماللارنى بولسا سېتىپ پۇل قىلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. يۇرت ئاقساقاللىرى: «قەردوسقىمۇ ئىشەنچىمىزنى بىلدۈرەيلى» دەپ، ئۇنى ئۇلار بىلەن بىللە شەھەرگە بېرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

شۇنداق قىلىپ، قەردوس بۇ بىرقانچە يۇرتدىشى بىلەن بىللە شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار كېلەي دەپ قالغاندا، يولنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە بىر نەرسىلەرنى توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەر توپىغا دۇچ كەلدى. قەردوستىن باشقىسى چۈمۈلىلەرگە دەسسەپ سالماسلىق ئۈچۈن ئاۋايلاپ مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىشتى، قەردوس بولسا غەزەپلىنىپ: «بۇ چۈمۈلىلەر نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يولۇمنى كېسىپ ئۆتىدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭ يولۇمنى توسىدۇ؟ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ چۈمۈلىلەرنى دەسسەپ - چەيلەشكە باشلىدى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا زەردە بىلەن دېدى:

— بولدى قويچۇ، بۇمۇ ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ؟ يۈر، بولمىسا بازارغا كەچ قالىمىز.

قەردوس ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرمەستىن، سان - ساناقسىز چۈمۈلىلەرنى تەلتۆكۈس ئۆلتۈرۈۋەتمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ چۈمۈلىلەرنى دەسسەش بىلەن مەشغۇل ئىدى، ھەمراھلىرى ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن، ئاۋامنىڭ ئىشى ئۈچۈن بازارغا ئالدىراپ، ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئەكەلگەن ماللىرىنى سېتىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك ماللارنى ئېلىپ ئاۋۇلغا قايتتى ۋە قەردوسنى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغان جايدا چۈمۈلىلەر ئۈۋىسى ئۈستىدە ياتقان ھالەتتە ئۇچراتتى. توپ - توپ چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنى ۋە كۆز

ـ قۇلاقلىرىدىن كىرىپ چىقىپ يۈرەتتى.

## سېتىۋېلىنغان دوستلۇق

بۇخارادا بىر مەشھۇر سودىگەر ياشايتتى، ئۇنىڭ سودا قىلىپ بارمىغان يېرى، ئايىغى يەتمىگەن شەھىرى يوق ئىدى. ئۇ بىر قانچە قېتىم چىمبايغا كېلىپ سودا قىلىش جەريانىدا بىر موللا بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇشقا ۋەدىلەشتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سودىگەر چىمبايغا يەنە نۇرغۇن مال ئەكەلدى، ئۇ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ، يەنە بىر قىسمىنى ساتالمىدى. بۇنداق زىيانغا چىدىمىغان سودىگەرنىڭ جەھلى چىقىپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. ئېشىپ قالغان ماللىرىنى بۇخاراغا قايتۇرۇپ ئەكېتىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ ماللىرىنى يۆتكەيدىغان مەدىكارلارغا يەنە ھەق بېرىشى، يۆتكەپ ئاپىرىپ بېرىدىغان كارۋانغىمۇ ھەق بېرىشى كېرەك ئىدى، بۇنداق قىلسا، زىيان ئۈستىگە زىيان بولاتتى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، موللا دېدى:

— جان دوستۇم، بۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۈرگىچە، بۇ سېتىلماس ماتالىرىڭنى ماڭىلا بېرىۋېتىپ كەتسەڭ بولمىدىمۇ؟

سودىگەر كۆزى قىيمىغان ھالدا دېدى:

— ئەي ئەزىز بۇرادەر، مەن سېتىشقا ئۆگەنگەن ئادەممەن، بۇ ماللارنى ساڭا بەرسەم، سەن ئۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا نېمە بېرىسەن؟

موللا جاۋاب بەردى:

— ئەگەر سەن مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ قالساڭ نامىزىڭنى ھەقسىز ئوقۇيمەن.

سودىگەر بۇ شەرتكە رازى بولۇپ، سېتىلمىغان ماللىرىنى موللىغا قالدۇرۇپ بۇخاراغا قايتىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ چىمبايدا تارتقان زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش كويىغا چۈشتى. ئۇ ھىراتتا سودىنىڭ ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھىراتقا مال ئاپارماقچى بولۇپ پىلانلاپ، سەپەر تەرەددۇتىغا تۇتۇندى. ئۇ ماللىرىنى جايلاپ، بارلىق سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ يولغا چىقماقچى بولدى. لېكىن، دەل شۇ كۈنلەردە «ھىرات يولىدا كاللا كېسەر بۇلاڭچىلار كۆپ ئىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى، شۇنىڭ بىلەن ھىراتقا بارىدىغان كارۋانلار مەنزىلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. سودىگەرنىڭ تۈگمىلىرىگە قارايدىغان، ماللىرىنى قوغدايدىغان مۇلازىملارمۇ ھىراتقا بېرىشتىن يالتايدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز يولغا چىقاي دېسە، بۇنچە كۆپ مال ۋە تۈگمىلەرنى قوغداپ مېڭىشقا يالغۇزلۇق ۋە ئاجىزلىق قىلاتتى، توختاپ قالاي دېسە، كۆز ئالدىدىكى پايدىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىدى.

ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا سودىگەر ئۇدۇل چىمبايغا كەلدى ۋە موللا دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەزىز بۇرادەر، مەن بىلەن بىللە ھىراتقا بېرىشىڭغا توغرا كېلىپ قالدى، تېزدىن تەييارلىق قىلغىن، ھازىرلا يولغا چىقىمىز.

بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھەيران بولغان موللا سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن؟

سودىگەر مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ھىرات يولىدا كاللا كېسەر بۇلاڭچىلار كۆپ دەپ ئاڭلىدىم، مۇبادا مېنى يولدا ئۆلتۈرۈۋەتسە، بېشىمدا نامىزىمنى ئوقۇيسەن.

مولللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

## ھاماقەت دوست

ئايدوس بابانىڭ پۇتىغا جاراھەت چىقىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇنى ئاڭلىغان يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرسى ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سوراپ يوقلاپ كەلدى. ئايدوس بابانىڭ ئاغرىق ئازابىدىن ئېگىلىشلىرى دوستىغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇ ئايدوس باباغا ئۇزاق تەسەللى بېرىپ، كەچ كىرگەندە ئۆيىگە قايتتى. ئۇ ئايدوس بابانىڭ ھالىغا ئېچىنىپ «باي دوستۇم ۋاي پۇتۇم دەپ زارلاپ ياتسا، مېنىڭ ئويناقشىپ مېڭىپ يۈرۈشۈمگە نېمە ھەققىم بار» دەپ پىچاقنى ئېلىپ پۇتىغا ئۇردى.

بىرمەزگىلدىن كېيىن، ئايدوس بابانىڭ پۇتى ساقىيىپ كەتتى، دوستىنىڭ جاراھىتى بولسا يىرىڭداپ، ئېغىرلاپ، ئاخىر توكۇر بولۇپ قالدى. دوستىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ئايدوس بابا ئۇز جېنىغا ئۇزى زۇلۇم قىلغان توكۇر دوستىغا ھېسداشلىق قىلماستىن بەلكى «كاللىسى يوق ئادەم ھېچقاچان سادىق دوست بولالمايدۇ» دەپ دوستىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى يوقلاپ بېرىپمۇ قويمىدى.

## باي بىلەن گاداي

ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا يىغقان بىر باي بار ئىدى. ئۇ پۇل ۋە مال ـ مۈلكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرسىمۇ بالىچاقىلىرى بىلەن بوز كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، قاتتىق ناننى غاجاپ يەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى، ئىسسىق تائام تەييارلىسىمۇ مايسىز گۆشلەر بىلەن قاتتىق ـ قۇرۇقلا تەييارلايتتى. ئۇ سىز نېمە ئۈچۈن بۇ دەرىجىدە پىخسىقلىق قىلىسىز؟ دەپ سورىغۇچىلارغا شۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

ــ باشقىلار قانداق ياشىسا مەنمۇ شۇنداق ياشايمەن ـ دە، يۇرت ئەھلىدىن ئېشىپ قاياققىمۇ باراتتىم؟

ئۇ جاۋابنىغۇ مۇشۇنداق بېرەتتى، لېكىن ھېچكىمگە، ھېچقاچان نە بىر كاپام ئاش، نە بىر سىقىم بۇغداي بەرمەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېچكىم قەدەم باسمايتتى.

باينىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى قومۇش كەپىدە بىر گاداي كىشى ياشايتتى. ئۇنىڭ كەپىسىگە بىرەر كىشى بېرىپ قالسا، ئۈستىدىكى بىردىنبىر توننى يېشىپ داستىخان ئورنىدا سېلىپ، ئاخىرقى يېرىم نېنىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ مېھماننى يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتى. شۇ قەدەر سېخىي، مېھماندوست بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ كەپىسىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، مەھەللىدىكى بالىلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپا ئىشخانىسىدا)

ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ

# مەۋلانا لۇتفىي ھەققىدە يېڭى بايانلار

مەۋلانا لۇتفىي 14 — 15 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم نامايەندىلەرنىڭ بىرى. شائىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى چارلىز رىيۇ، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، ئا. ن. سامايلوۋىچ، زەكىي ۋەلىدى توغان، ھادى زەرىپ، خ. ف. خوفمان، ئېلېئازار بىرنبائۇم، يې. ئې. بېرتېلس، ئېرگەش رۇستەموف، سادىر ئەركىنوف، يانوش ئېكمان، ئەركىن ئەھمەدخوجايېۋ، كەمال ئەراسلان، ئېرگەش فازىلوف، گۈناي قاراغاچ ۋە جەمال ئاكسۇ قاتارلىق چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۆگىنىلدى ۋە ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. بىزدە لۇتفىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرى، بولۇپمۇ ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئۆگىنىلدى. شائىر ئەسەرلىرىنىڭ يازما نۇسخىلىرى ۋە ئۇنىڭدا قوللىنىلغان تىل ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى قولغا ئېلىنمىدى.

لۇتفىينىڭ ھاياتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ۋە ئەسلىي ئىسمىنىڭ نېمىلىكى ھازىرغىچە مەلۇم بولماي كەلدى. بىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەلۇماتىدىن پەقەت شائىرىمىزنىڭ 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ۋە ھېراتتا ۋاپات بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. لېكىن، بۇلاردا كونكرېت بىر يىلنامە كۆرسىتىلمىگەن. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋائىينىڭ كۆرسەتكەن 99 يىلى ھىجرىيە ھېسابىدىكى ياش، مىلادىيەدىكى ئەمەس. شۇنداق بولغاندا لۇتفىي مىلادىيەدە 96 يىل ياشىغان بولىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، نەۋائىي ئېيتقان بۇ 99 ياش ئەدەبىيات تارىخلىرىمىزدا ھازىرغىچە مىلادىيە ھېسابىدا چۈشىنىپ كېلىندى، ھەم «مىلادىيە 1366 — 1465 - يىللار ئارىسىدا ياشاپ، 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەن» دېگەن قاراش ئومۇملىشىپ قالدى[1]. كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، ئۆزبېك لۇتفىيشۇناسلىرىدىن سادىر ئەركىنوف بىلەن ئەركىن ئەھمەدخوجايېفمۇ بۇ يىلنامىنى بۇگۈنگىچە تەكرارلىماقتا[2].

مەۋلانا لۇتفىينىڭ كونكرېت ياشىغان يىللىرى مەلۇم ئەمەس[3]. بىر قەدەر تۇراقلىشىپ قالغان يۇقى-

---

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب ئىككىنچى قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان، 1982 - يىلى، 100 - بەت؛ كوللېكتىپ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، 173 - بەت؛ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 - يىلى نەشرى، 354 - بەت.

② لۇتفىي: «دىۋان» (سادىر ئەركىنوف نەشىرگە تەييارلىغان)، تاشكەنت، 2012 - يىلى نەشرى، 4 - بەت؛ ئەركىن ئەھمەدخوجايېف: «تۈركىي نەزمىنىڭ سېھىرگەرى»، تاشكەنت، 1992 - يىلى نەشرى، 2 - بەت.

③ يې. ئې. بېرتېلس: «نەۋائىي ۋە جامىي»، موسكۋا، 1965 - يىلى نەشرى، 52 - بەت.

رىقى يىلنامە ئەمەلىيەتتە پىروفېسسور يانوش ئېكمان كۆرسەتكەن ھىجرىيە 768 ــ 867 ـ يىللىرىنى① مىلادىيەگىمۇ 99 ياش قىلىپ ئايلاندۇرۇشتىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا، لۇتفىي ۋاپاتى توغرىسىدا يەنە ئابدۇللاھ كابۇلىي كۆرسەتكەن «1492 ـ يىلى» دېگەن قاراشمۇ خېلى كۆپ تالاش ـ تارتىشلارغا سەۋەب بولغان ۋە مەشھۇر رۇس تۈركولوگى ئا. م. شېرباك بۇ قاراشنى قوللىغان②. دوكتور گۇناي قارائاغاچ لۇتفىينىڭ ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى ئىسكەندەر مىرزىغا بېغىشلىغان «گۇل ۋە نەۋرۇز»③ داستانىنىڭ 1411 ـ يىلى (ھىجرىيە 814 ـ يىلى) تاماملانغانلىقىغا ۋە ئەسەردە شائىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئىسكەندەر مىرزىنىڭ «ئۆز ئەسكى قۇلى» دەپ ئېيتقانلىقىغا ئاساسەن بۇ يىلنامىنى ئىنكار قىلىدۇ④. چۈنكى، شائىرىمىز 1492 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولسا، «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنى 15 يېشىدا تاماملىغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، لۇتفىي «مەجالىسۇن ـ نەفايىس»نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مەجلىستىكىلەر ھەققىدە نەۋايى: «ئول جەمائەتى ئەزىزلەر زىكرىدەكىم، فەقىر ئالارنىڭ بەئزىنىڭ مۇلازىمەتىغە كىچىكلىكدە يېتىپمەن ۋە بەئزىنىڭ سۇھبەتىغە يىگىتلىكدە مۇشەررەف بولۇپمەن. ۋە ھالا... ئالار بۇ فەنا دەمگاھىدىن بەقا ئارامگاھىغا بارىپدۇرلار»⑤ دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇشبۇ ئەسەر يېزىلغان ھىجرىيە 896 ـ يىلى⑥ (مىلادىيە 1490ــ 1491 ـ يىللار)دا مەۋلانا لۇتفىينىڭ ئاللىقاچان ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىمىز. گۇناي قارائاغاچ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ، شائىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن تىلنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا يېقىن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كلاسسىك دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەب لۇتفىينىڭ بۇ 96 يىللىق ھاياتىنىڭ بەك ئۇزارغاندىمۇ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ⑦. شۇڭا، بىز بۇلارغا ئاساسەن، شائىرىمىزنى تەخمىنەن پىروفېسسور يانوش ئېكمان كۆرسەتكەن ھىجرىيە 768 ــ 867 ـ يىللىرى، يەنى مىلادىيە 1367 ــ 1463 ـ يىللاردا ياشىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز.

ئەمدى شائىرىمىزنىڭ ئەسلىي ئىسمى ۋە تۇغۇلغان يۇرتىغا كەلسەك، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخلىرىدا «ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، ھېراتلىق، كاشغەرلىك، خوتەنلىك» ياكى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللانىڭ سۆزىگە ئاساسلىنىپ، «موغۇلىستانلىق» دېگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان⑧. ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخلىرىدا «لۇتفىي ھېراتلىق بولۇپ، 1366 ــ 1367 ـ يىللاردا تۇغۇلغان... 99يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1465ــ 1466 ـ يىللاردا ھېراتتا ۋاپات بولغان»⑨، «لۇتفىي، ھېراتنىڭ دېھكەنار دېگەن جايىدا تۇغۇلغان

---

① «لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997 ـ يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 14 ـ بەت.

② ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1962 ـ يىلى نەشرى، 25 ـ بەت.

③ لۇتفىينىڭ ئۇشبۇ داستانىنى چارلىز رىيۇ، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، سادىر ئەركىنوف، ئېرگەش رۇستەموف ۋە گۇناي قارائاغاچ قاتارلىق ئالىملار مەخسۇس ئۆگەنگەن، ۋە چارلىز رىيۇ بىلەن تۈركىيە ئالىملىرى داستانىنى جەلالىددىن تەبىبىنىڭ مىلادىيە 1333 ـيىلى يېزىلغان پارىسچە داستانىنىڭ تۈركىي تەرجىمىسى دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۆزبېك ئالىمى ئېرگەش رۇستەموف بولسا «ئابۇشقا» لۇغىتىدىكى «گۇل ۋە نەۋرۇزى لۇتفىيدا كېلۇر» دېگەن بايانلار ۋە داستانىنى جەلالىددىن تەبىبىنىڭ داستانى بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنى لۇتفىي ئىجادىيىتىگە تەۋە، يەنى جەلالىددىن تەبىبىنىڭ ئەسىرىگە جاۋابەن يېزىلغان دەپ قارايدۇ ھەم بۇنىڭ بىلەن چارلىز رىيۇنىڭ پىكىرىگە قارشى چىقىدۇ (1963 ـ يىلى). يېقىندا لۇتفىيشۇناس سادىر ئەركىنوف بىر قاتار تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، داستاننىڭ مەۋلانا لۇتفىينىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانلىقىنى كۆرسەتتى (2012 ـ يىلى). بۇلاردىن سىرت، يەنە بىر قىسىم ئۆزبېك ئالىملىرى بۇ داستانىنى ھەيدەر خارەزمىي قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ.

④ «لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە،1997 ـ يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 15 ـ بەت.

⑤ ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن ـ نەفايىس» (ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇمىجىت قۇربان تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 33 ـ بەت.

⑥ ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن ـ نەفايىس» (كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، 2001 ـ يىلى نەشرى، 29 ـ بەت. ئاگاھ سىررى لەۋەند ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلىنى ھىجرىيە 897 ـ يىلى دەپ قارايدۇ. ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئەلىشىر نەۋايى»، بىرىنچى توم، ئەنقەرە، 1965 ـ يىلى نەشرى،257 ـ بەت؛ دوكتور گۇناي قارائاغاچ ئەسەرنى ھىجرىيە 898 ـ يىلى يېزىلغان دەپ قارايدۇ. «لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997 ـ يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 15 ـ بەت.

⑦ «لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997 ـ يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 15 ـ بەت.

⑧ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 354 ـ بەت.

⑨ ھادى زەرىف: «نەۋايى زامانداشلىرى»، تاشكەنت، 1948 ـ يىلى نەشرى، 115 ــ 116 ـ بەتلەر؛ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، بىرىنچى توم، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى، 381 ـ بەت.

ۋە شۇيەردە ۋاپات بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەنبەلەردە لۇتفىيى ھىرىي دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ ھەمدە سەب-
زەۋارلىق، نىشاپۇرلۇق، كەشمىرلىك، مەشھەدلىك ۋە باشقا لۇتفىيلاردىن پەرق قىلىنىدۇ»[①]، «مەۋلانا لۇت-
فىي، 1366 — 1465 - يىللار، ئىلگىرى ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھىراتنىڭ دېھكەنار دېگەن جايى دەپ
كۆرسىتىلىپ كېلىنگەنىدى، شەيخ ئەھمەد تەرازىينىڭ ‹فۇنۇنۇل بەلاغە› ئەسىرىنىڭ تېپىلىشىغا ئەگە-
شىپ، ئۇنىڭ تاشكەنتلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. يەنى ئۇنىڭدا ‹لۇتفىيى شاشىي› دەپ ئېلىنغان»[②] دېگەن
قۇرلارنى كۆرىمىز. بۇ يەردە كىشىنى يەنە ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئون ئىككى توملۇق «ئۆزبېكىستان مىل-
لىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»دىمۇ لۇتفىي ياشىغان ھىجرىيە ھېسابىدىكى 99 ياشنىڭ مىلادىيەدىمۇ شۇ پېتى
كەلگەنلىكىدۇر. ئەگەر شۇ بويىچە ھېسابلايدىغان بولساق، ئەلىشىر نەۋايىمۇ مىلادىيە ھېسابىدا 62 ياش
ياشىغان بولىدۇ. چۈنكى، نەۋايى ھىجرىيە 844 — 906 - يىللىرىدا ئۆتكەن ئەمەسمۇ. گېپىمىزگە كەل-
سەك، بىزنى يەنە ئويلاندۇرغىنى لۇتفىيشۇناس سادىر ئەركىنوفنىڭ 2012 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىل-
دۇرغان «لۇتفىي دىۋانى»نىڭ كىرىش سۆزىدە باشقا ئۆزبېك ئالىملىرىغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ: «لۇت-
فۇللاھ لۇتفىي ھەققىدىكى ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا شائىرنىڭ ھىراتنىڭ دېھكەنار دېگەن جايىدا 1366 - يى-
لى تۇغۇلۇپ، 1465 - يىلى شۇ جايدا ۋاپات بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ»[③] دېگەن سۆزلىرى بولدى. ئالىم
بۇ يەردە شائىرىمىزنىڭ ئىسمىنى كەسكىن قىلىپ «لۇتفۇللاھ» دەپ ئالغان. تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ باياناتـ-
لىرىغا كەلسەك، شائىرىمىزنىڭ ھىجرىيە ھېسابىدا 99 يىل، مىلادىيەدە 96 يىل ياشىغانلىقىنى، ئەسلىي
ئىسمى ۋە يۇرتىنىڭ مەلۇم ئەمەسلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ[④].

بىز شائىرىمىزنىڭ زاماندىشى مەۋلانا ئاتايى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەن يۈرگەن كۈنلەردە،
ئۇستازىمىز مىرسۇلتان ئوسماننىڭ ئۆيىدە ئىككى مۇھىم يازمىنى كۆرۈشكە نائىل بولدۇق. بۇلاردىن
بىرى «مەجالىسۇل ئۇششاق» ناملىق پارسچە كىتابنىڭ ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەزايىنۇل مەئانىي» ئەسىرى-
نىڭ ئۇستازىمىزنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىغا كۆچۈرۈلگەن، ئەلىشىر نەۋايىغا مۇناسىۋەتلىك
بىر بابى، يەنە بىرى ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭ كۇتۇپخانىسىدا Or.1165 رەقەمدە ساقلىنى-
ۋاتقان نەۋايى، لۇتفىي شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن تەرمە دىۋاننىڭ فوتو كوپىيەسى بولۇپ، بۇنى شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2010 - يىللىق دوكتورانتى ئايشەم ئابدۇللا ئەنگلىيەدىن
ئەكەلگەنىكەن. بىرىنچى ئەسەردە مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىينىڭ كەينىدىن تۈركىي تىللىق شائىرلاردىن
مەۋلانا سەككاكىي بىلەن مەۋلانا لۇتفىينىڭ مۇبارەك نامى تىلغا ئېلىنغان. يازمىدا ئەسلىي ئىسمى بىزگە
نامەلۇم بولۇۋاتقان مەۋلانا سەككاكىي[⑤] «مەۋلانا ھەيدەر سەككاكىي» دەپ يېزىلغان. بۇ ھەيدەر سەككاكىي-
نىڭ ئابدۇرەھمان جامىي قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىغا ۋە مەۋلانا لۇتفىي بىلەن خۇددى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ
«بەدايىئۇل بىدايە»سىنىڭ دىباچىسىدىكىدەك قاتار كەلگەنلىكىگە ئاساسەن، ئۇنى 15 - ئەسىرنىڭ بىرىن-
چى يېرىمىدا ئۆتكەن شائىرىمىز مەۋلانا سەككاكىينىڭ دەل ئۆزى دەپ قارايمىز. لېكىن، يازمىدا لۇتفىي

---

① نەئەن مەللەيېق: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، تاشكەنت، 1976 - يىلى نەشرى، 322 - بەت.

② كوللېكتىپ: «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، بەشىنچى توم، تاشكەنت، 2003 - يىلى نەشرى، 325 - بەت.

③ لۇتفىي: «دىۋان» (سادىر ئەركىنوف تەييارلىغان)، تاشكەنت، 2012 - يىلى نەشرى، 4 - بەت.

④ مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىمىنقۇنى تەرجىمىسى)، «بۇلاق»، 2001 - يىللىق 2 - سان، 72 - بەت؛ كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 - يىلى 7 -، 8 - ئايلىق قوش سان، 585 - بەت؛ «لۇتفىي دىۋانى» (گۈناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997 - يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 10 - بەت؛ زۇھال ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى (ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 - يىللىق 9 - سان، 181 - بەت؛ مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 - يىلى نەشرى، 36 - بەت.

⑤ «مەۋلانا سەككاكىي دىۋانى» (كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1999 - يىلى نەشرى، 14 - بەت؛ مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 - يىلى نەشرى، 32 - بەت؛ كوللېكتىپ: «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، يەتتىنچى توم، تاشكەنت، 2004 - يىلى نەشرى، 437 - بەت.

يەنىلا «مەۋلانا لۇتفىي» شەكلىدە كەلگەن. كېيىنكى يازما ئەلىشىر نەۋايى بىلەن لۇتفىينىڭ تاللانما شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن 50 ۋاراقلىق (خەت بار يېرى 99 بەت) تەرمە دىۋان بولۇپ، دىۋاننىڭ ئاۋۋالقى 81 بېتىگە نەۋايى دىۋانىدىن تاللانمىلار①، كېيىنكى 18 بېتىگە لۇتفىي دىۋانىدىن بىر تەۋھىد، بىر نەئت، 25 غەزەل، تۆت تۇيۇق ۋە ئىككى فەرد كۆچۈرۈلگەن. دىۋاننىڭ كۆچۈرۈلگەن يىلى ھىجرىيە 965 - يىلى (1557 — 1558 - يىللار) بولۇپ، نەۋايىدىن تاللانمىلار بىلەن لۇتفىي دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشلا بۇ يىل يېزىلغان. يەنى نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ داۋامىغا «تەممەتول ئىنتىخابى دىۋانى نەۋادىرۇش شەباب بىئەۋنىل مەلىكىل ۋەھھاب فى شۇھۇرى سەنە 965»، لۇتفىي دىۋانىنىڭ ئايىغىغا «تەممەتول ئىنتىخابى دىۋانى مەۋلانا لۇتفۇللاھ نىشاپۇرىي ئەلەيھىررەھمە فى تارىخى شەھرى جەمادىيەل ئاخىر سەنە خەمسۇ سىتتىنە تەسئە مىئايە» ۋە بۇنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە «كەتەبەھۇ ئەبدۇل مۇزەننىبى قاسىم شادىشاھ غەففەرە زۇنۇبەھۇ» دېگەنلەر پۈتۈلگەن. بۇ يەردە بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى، «لۇتفۇللاھ نىشاپۇرىي» دېگەن ئىسىم بولدى. ئەگەر بۇنى كاتىپنىڭ نامىمكىن دېسەك، «دىۋانى لۇتفۇللاھ نىشاپۇرىي» (نىشاپۇرلۇق لۇتفۇللاھنىڭ دىۋانى) دېگەن خەتلەر ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، دىۋاننى لۇتفۇللاھنىڭ دەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋايى شېئىرلىرىدىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا «دىۋانى نەۋادىرۇش شەباب» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ كاتىپنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئىككى يان تەرەپنىڭ سول تەرىپىگە يېزىلغان «قاسىم شادىشاھ» دېگىنى كاتىپنىڭ ئىسمىدۇر. «لۇتفۇللاھ» دېگەن بۇ نامنىڭ پىروفېسسور لۇتفىيشۇناس سادىر ئەركىنوفنىڭ يازمىسىدا شۇنچە كەسكىن ئېيتىلغىنىغا، شۇنداقلا قولىمىزدىكى مىلادىيە 1557 - يىلى خاتىرىلەنگەن يازما پاكىتقا ئاساسەن، شائىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى «لۇتفۇللاھ» بولۇشى كېرەك دەپ قارايمىز، ھەم ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسى نەتەن مەللەيېفنىڭ «لۇتفىيى ھىرىي»نى «نىشاپۇرلۇق لۇتفىي» ئەمەس دېگەنلىكىگە قارشى ھالدا، بۇ ئىككى «لۇتفىي» بىر كىشى، يەنى شائىرىمىزنىڭ ئەسلىي يۇرتى نىشاپۇر، كېيىن شىراز ۋە ھېرات قاتارلىق جايلاردا ياشىغان بولۇشى كېرەك دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. شائىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تىلىنىڭ مۇرەككەپلىكى، شۇنداقلا ئوغۇز - قىپچاق ئېلېمېنتلىرىنىڭ زامانداشلىرىنىڭكىگە قارىغاندا بىر قەدەر كۆپلىكىگە ئاساسەنمۇ ئۇنىڭ خېلى كۆپ يۇرتلاردا، بولۇپمۇ ئازەرىي ۋە تۈركمەنلەر كۆپرەك رايونلاردا تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب ئىككىنچى قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان، 1982 - يىلى.

2. ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئەلىشىر نەۋايى»، بىرىنچى توم، ئەنقەرە، 1965 - يىلى نەشرى.

3. ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىرامماتىكىسى»، موسكۋا - لېنىنگراد، 1962 - يىلى نەشرى.

4. ئەركىن ئەھمەدخوجايېف: «تۈركىي نەزمىنىڭ سېھرىگەرى»، تاشكەنت، 1992 - يىلى نەشرى.

5. ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفايىس»(ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇمىجىت قۇربان تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى نەشرى.

6. ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفايىس» (كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، 2001 - يىلى نەشرى.

7. زۇھال ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى (ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 - يىللىق 9 - سان.

① قول يازمىدا نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا «نەۋادىرۇش شەباب دىۋانىدىن تاللانمىلار» دەپ يېزىلغان، لېكىن يازمىدا باشقا دىۋاندىن ئېلىنغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ.

8. غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
9. كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»، «دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، سەككىزىنچى توم، ئىستانبۇل، 1993 ـ يىلى نەشرى، 168 ـــ 176 ـ بەتلەر.
10. كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلىق قوش سان.
11. كوللېكتىپ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»،2 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
12.كوللېكتىپ: «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 5 ـ، 7 ـ توملار، تاشكەنت، 2003 ـ، 2005 ـ يىللار نەشرى.
13. لۇتفىي: «دىۋان» (سادىر ئەركىنوف تەييارلىغان)، تاشكەنت، 2012 ـ يىلى نەشرى.
14. «لۇتفىي دىۋانى» (گۈناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997 ـ يىلى نەشرى.
15. لۇتفىي: «سەنسەن سېۋەرىم» (دىۋان، گۈل ۋە نەۋرۇز)، سادىر ئەركىنوف، ئېرگەش فازىلوف، ئەركىن ئەھ. مەدخوجايېف تەييارلىغان، تاشكەنت، 1987 ـ يىلى نەشرى.
16. «مەۋلانا سەككاكىي دىۋانى» (كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1999 ـ يىلى نەشرى.
17. مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013 ـ يىلى نەشرى.
18. مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)، «بۇلاق»، 2001 ـ يىللىق 2 ـ سان.
19. نەتەن مەللەيېف: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، تاشكەنت، 1976 ـ يىلى نەشرى.
20. نىيازىي: «نەۋايىنىڭ سۆزلىرى ۋە چاغاتايچە پاكىتلار»(ئابۇشقا)، مۇستافا كاچالىن تەييارلىغان، ئەنقەرە، 2011 ـ يىلى نەشرى.
21.ھادى زەرىف: «نەۋايى زاماندا شلىرى»، تاشكەنت، 1948 ـ يىلى نەشرى.
22.«ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، بىرىنچى توم، تاشكەنت، 1959 ـ يىلى نەشرى.
23.ئېرگەش رۇستەموف: «15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963 ـ يىلى نەشرى.
24.يې. ئې. بېرتېلس: «نەۋايى ۋە جامىي»، موسكۋا، 1965 ـ يىلى نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىرانتى)

غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر

# ئىلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان

نورۇز بايرىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى بايرىمىدۇر. نورۇز بايرىمى مىلادىيەدىن ئىلگىرى، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىشتىن بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى (جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى) شۇ چاغدىلا بۇ ئەنئەنىۋى بايرامنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. ھەريىلى مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلىشىشى بولۇپ، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ۋاقتى تەڭلىشىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ كۈنى كونا يىلنى ئۇزىتىپ، نورۇزنى كۈتۈۋالىدۇ.

نورۇز بايرىمى يەنە كۈنتۇغدى بايرىمى، كۆكلەم بايرىمى، تەبىئەت بايرىمى، يېڭى كۈن بايرىمى، باھار بايرىمى، ئەمگەك بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نورۇز بايرىمى كۈنىدە، «زاراخەتمە»، «نورۇز ئايەم»، «سۈمۈلەساغان»، «نورۇز كالېندارى»، «نورۇز كۆكى»، «نورۇز تامىقى»، «سۈمۈلەك ـ سۈمۈلاق» (سۈمۈلەك ـ سۈمۈلە)، «نورۇز بۇلاق»، «نورۇز بوۋاي» قاتارلىق مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلىدۇ.

نورۇز بايرىمىنىڭ يېتىپ كەلگىنى قىش پەسلىنىڭ ئاخىرلىشىپ، قار ـ مۇزلار ئېرىپ، تەبىئەت يېڭىلىنىپ، يەر يۈزى يېڭىدىن ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قۇياش نۇرى ئىللىق پارلاپ تۇرغان كۈنلەردە، ئەمگەكچان دېھقانلار يېڭى بىر يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئالدىراشلىق بىلەن كىرىشىدۇ. ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇ بايرام بىر يىللىق جاپالىق ئەمگەكنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يىل بويى جاپا چەككەن دېھقانلار ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، كەلگۈسى بىر يىلدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلىشقا قارىتا ئۈمىد ئېلىپ كېلەلىگەچكە، خۇشال ـ خۇرام ھالدا يىلدا بىر كېلىدىغان نورۇز بايرىمىنى كۈتۈۋالىدۇ؛ مۇنداقچە ئېيتقاندا، كەڭ دېھقانلارنىڭ نورۇز بايرىمىنى خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن كۈتۈۋېلىشى ئۆتكەن بىر يىلدا كۆڭلىدە قېپقالغان روھىي بېسىملىرىنى يەڭگىللىتىش، قەلبىگە يېڭى ئۈمىدلەرنى بېغىشلاپ، خاتىرجەم ۋە خۇشال قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

نورۇز بايرىمى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ھەممە ئائىلە ئۆيلەرنى ۋە ھويلا ـ ئارانلىرىنى تازىلاپ رەتكە سېلىپ، پۈتۈنلەي دېگۇدەك يېڭىچە قىياپەتكە كىرگۈ-

زىدۇ. بايرام كۈنىدە كىشىلەر يېڭى ياكى پاكىز كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ، يېڭى يىلدا ئىشلىرىنىڭ
ئوڭۇشلۇق، ئاشلىقلىرىنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق (ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە توققۇز خىل دانلىق
زىرائەت تەييارلايدۇ)، كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ مول بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ بىر كۈن-
دە كىشىلەر ئائىلىنىڭ بارچە ياخشى ئىشلارنى، ياخشى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ، سېخىيلىق بىلەن سەدى-
قە بېرىدۇ، گۇناھ بولىدىغان، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، ئاتا ـ ئانىنى رەنجىتىدىغان ئىشلار بولمايدۇ،
بايرام كۈنىدە ئامال بار شاد ـ خۇرام، ئىناق ۋە دوستانە كەيپىياتتا ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى ئوخشىمىغان رايونلاردا ئۆزگىچە بايرام ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇن-
لىرىنى شەكىللەندۇرگەن. بىر قىسىم رايونلاردا كىشىلەر بازار ياكى يېزىنى ئاساس قىلىپ، مەنزىرىسى
كىشىلەرگە يېقىشلىق جايلارنى تاللاپ، قوي، گۆرۈچ، ماي، كۆكتات قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، ئوچاق ياسىغان-
دىن كېيىن، داشقازاندا پولۇ ياكى قورداق، سامسا قاتارلىق ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى تەييارلايدۇ. كىشىلەر
بىرلىكتە يىغىلىپ، ئېسىل تائاملارغا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن، ھەرخىل مەدەنيي كۆڭۈل ئېچىش پائالى-
يەتلىرىنى باشلايدۇ. بەزى رايونلاردا، پۈتۈن يېزىدىكى قىز ـ ئوغۇللار كالا ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسىغا ئول-
تۇرۇپ ياكى ئات، كالا، ئېشەك قاتارلىقلارغا مىنىپ، قازان ـ قومۇچلىرىنى ئېلىپ، ئالدىن تاللاپ قويۇلغان
مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ، بايراملىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئەلنەغمىچىلەر ياكى ناخ-
شا ـ مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى داپ، ناغرا، راۋاب قاتارلىق بىلەن مۇزىكىلارنى چېلىپ سورۇننى قىزىتىدۇ.
بايرام كۈنىدە ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە، كىشىلەر ئالدى بىلەن داشقازاندا سۇمۇلەك ياكى ئۇماچ، يەنى نو-
رۇز ئېشى پىشۇرىدۇ؛ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا يەنە پولۇ، پېتىر مانتا، ئۈگرە، شوۋىگۈرۈچ، سامسا،
ئۆپكە ـ ھېسىپ، ياغتوقاچ قاتارلىقلارنى تەييارلايدۇ. تاماق تارتىلغاندا، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە تەكەللۇپ
قىلىشىپ، تەرتىپلىك ھالدا زور چەمبىرەك ھاسىل قىلىدۇ؛ مەيلى مۆتىۋەر زات، ياكى ئاۋام ـ پۇقرا بول-
سۇن، ياكى باي، ۋە ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاشلا تەرتىپلىك ھالدا قاتار ئولتۇرىدۇ.
ھەممە ئائىلىلەر ئۆزلىرى تەييارلاپ كەلگەن يېمەكلىكلىرىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ يېمەك-
لىكلەر مەيلى ئېسىل بولسۇن، ياكى ئادەتتىكى بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ئالدىغا نېمە يېمەكلىك قويۇلغان
بولسا شۇنى يەيدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ خالىغانچە تاللىشىغا بولمايدۇ. تاماقتىن كېيىن، كىشىلەر ھاۋارا-
يىنىڭ ياخشى بولۇشىغا، ئاشلىقلىرىنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق بولۇشىغا دۇئا قىلىشنى باشلايدۇ. نورۇز بايرى-
مىلىق يىغىلغان چاغدا، كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش توغۇرلۇق پاراڭلىشىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدۇ،
ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تائاملىرىدىن يېيىشكە باشلايدۇ. بۇ قېتىملىق تاماقتىن كې-
يىن، كىشىلەر بىر قانچە جايدا ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلىرى ئوغلاق تار-
تىش، ئارغامچا تارتىشىش، ئارغامچىدىن ئاتلاش، چېلىشىش پائالىيىتى ئېلىپ بارسا، يەنە بەزىلىرى مۇزىكا
چېلىپ، خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن ناخشا ئېيتىپ، لەرزان ئۇسۇللارنى ئوينايدۇ. ئەل ئىچىدىكى مەدداھلار
جاراڭلىق ئاۋازدا كىشىلەرگە قەدىمكى جەڭنامە ـــ چۆچەك، رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ كۈنى تۈن
پەردىسى ئاستا ـ ئاستا يېيىلغان چاغدا، كىشىلەر يەنە بىر يەرگە يىغىلىپ، چەمبەر ھاسىل قىلىپ، خۇشال ـ
خۇرام ھالدا «نورۇز مەشرىپى» ئوينايدۇ، بۇنىڭغا «نورۇز ناخشىسى» جور بولىدۇ.
ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە نورۇز بايرىمىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىر ئاي بولىدۇ، بەزىدە
ھەتتا 40 كۈنگىمۇ سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بايرام مەزگىلىدىكى ھەر كېچىدە بىردىن ئائىلىدە نۆۋەتلىشىپ
مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. كىشىلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ ئۆتكۈزەلىگەنلىكىدىن شەرەپ ۋە ئىپتى-
خارلىق ھېس قىلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئاتايىن مەشرەپكە ئاتاپ قوي ئۆلتۈرىدۇ، ۋە يەنە پېچىنە ـ پىرە-
نىكلەرنىمۇ تەييارلايدۇ. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق شاد ـ خۇرام ئۇسۇللاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرى-

مىنى كۈتۈۋېلىش جەريانىدا، ئۆزىگە خاس بولغان بايرام ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 1. نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك يازما خاتىرىلەر

ئورغۇنلىغان ۋەسىقىلەردە نورۇز بايرىمى خاتىرىلەنگەن. بىز ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. 11 ـ ئەسىرلەردە، يەنى قاراخانىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تىلشۇناس ۋە فولكلورشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە باھار بايرىمى مەزمۇنىدىكى 15 كۇپلېت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشاقلارنى كىرگۈزگەن. 1 ـ جىلدىنىڭ 161 ـ، 242 ـ، 252 ـ، 287 ـ، 311 ـ، 314 ـ، 375 ـ، 376 ـ، 515 ـ، 569 ـ بەتلەر (1981 — 1984 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا قارالسۇن؛ تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)؛ 2 ـ جىلدىنىڭ 105 ـ، 170 ـ، 322 ـ، 323 ـ بەتلەر؛ 3 ـ جىلدىنىڭ 5 ـ، 139 ـ، 140 ـ بەتلەر. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىتابتا بايرامغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق خاتىرە بار: «Bäzräm — بەيرەم، بايرام. كىشىلەر ئارىسىدىكى شاد ـ خۇراملىق، ئويۇن ـ تاماشا. نۇر ۋە گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن يەرمۇ ‹Bäzräm yär — كۆڭۈل ئاچىدىغان يەر› دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، چۈنكى بۇنى پارسلاردىن ئاڭلىدىم. ئوغۇزلار ھېيت كۈنىنى ‹Bäzräm› دەيدۇ. بۇ ‹شاد ـ خۇراملىق ۋە ئويۇن ـ تاماشا كۈنى، دېگەن بولىدۇ...». 11 ـ ئەسىرلەردىكى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىمۇ باھار مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن نەپىس مىسرالار خېلىلا كۆپ، مەسىلەن ئەسەرنىڭ 63 ـ، 66 ـ، 67 ـ، 69 ـ، 70 ـ، 71 ـ، 72 ـ، 76 ـ، 78 ـ، 80 ـ، 96 ـ بېيىتلىرىدا بۇ ھەقتىكى تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ[1].

قوچۇ ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) خانلىقى دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيە 850 — 1250)دە توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مايتىرى سىمىت»نىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان: «يەنە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇ قىلغان كۈنگە، تاللانغان ياخشى پەيتكە، قۇتلۇق خەيرلىك ۋاقىتقا، قۇتلۇق قوي يىلى ژۇن (كەبىسە) 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگە، مەن ئۈچ ئەردىنىگە ئىتائەتچان كۆڭۈللۈك ئۇپاسى چۇباش يېگەن، تۇتۇق ئايالىم تۇزۇن بىلەن بىللە كېيىن كېلىدىغان مايتىرى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ، بىر مايتىرى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق (ياساتتۇق)، بىر مايتىرى سىمىت نومىنىمۇ كۆچۈرتكۈزدۇق ...[2]» بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مەدھىيەلەشكەن ئەرزىيدىغان ئاي»، «ئارزۇ قىلغان كۈن»، يەنى «3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى» دەل نورۇز بايرىمى كۈنىدۇر.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كاتتا يازغۇچىسى رابغۇزى كېيىنكى مەزگىلدە قوللىنىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا»دا «نورۇز» نامىنى مەخسۇس تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن[3]، يەنە نورۇز توغرىسىدا بىر غەزەلنى كىتابىغا كىرگۈزگەن. (شائىر رابغۇزى ئۆزى شېئىر يېزىپ بولغان ۋاقىتنى ھىجرىيە 710، مىلادىيە 1311 ـ يىلى3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى دېگەن). تارىخ تەتقىقاتچىلىرى بۇ كۈننى نورۇز بايرىمى كۈنى دەپ قارايدۇ. 14 — 15 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئاتايىنىڭ «دىۋانى ئاتايى»دىمۇ نورۇز بايرىمى كۈنىدىكى ھالەت تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە غەزەلنى ئالاھىدە كىرگۈزگەن[4]. 14 — 15 ـ ئەسىرلەردە ھېراتتا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئەبەيدۇللا لۇتفىي ئۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ چىققان داستانى «گۈل ۋە نەۋرۇز»دا نورۇز بايرىمىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، بىر قانچە قۇر بېيىتنى

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

② «مايتىرى سىمىت»قا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى، خەنزۇچە كىرىش سۆزنىڭ 2 ـ بېتى.

③ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2011 ـ يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا قارالسۇن.

④ «ئاتائىي غەزەللىرىدىن» (قۇربان بارات نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئۈرۈمچى.

ئالاھىدە يازغان[1]. بۇ مىسرالاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ نورۇز بايرىمىنى كۈتۈۋالغاندىكى ئەھۋاللىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، 14 — 15 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى سەككاكىي يازغان «دىۋانى سەككاكىي»دىمۇ ئوخشاشلا نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك بېيىتلار خېلىلا كۆپ[2].

15 - ئەسىرلەردە ھىراتتا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى نەۋائىي «خەزائىنۇل - مەئانى»نىڭ «نەۋادىرۇش - شەباب»، «فەۋائىدۇل - كىبەر»، «بەدائىئۇل - ۋەسەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نورۇز بايرىمىنى ئاجايىپ گۈزەل غەزەللەر بىلەن مەدھىيىلىگەن[3]. بۇنىڭدىن سىرت، نەۋائىي ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەسىرى «تارىخى مۇلكى ئەجەم»دە پادىشاھ جەمشىد زامانىدىكى نورۇز بايرىمىنى بايان قىلغان. نەۋائىي يەنە «سەددى ئىسكەندەر»دە باش قەھرىمان ئىسكەندەرنىڭ نورۇز بايرىمىدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار تەسۋىرلەنگەن. يەنە 15 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈف ئەمىرىي چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ چىققان «دەھنامە» (ئوننامە)دە نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مىسرالار بار[4].

17 — 18 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن تارىخشۇناس مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا مۇنداق دېيىلگەن: «بۈگۈن نورۇز بايرىمى، ئۆيۈمدە زىياپەت ھازىرلىدىم، ئۆزلىرى قەدەم تەشرىپ قىلالا»[5].

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (رۇسىيىلىك) ن. ن. پانتاسوف ئۆزى دۆلىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىغا كەلگەن چېغىدا، تارانچىلار (ئۇيغۇرلار) ئارىسىدا نەق مەيدان تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، قازاندا نەشر قىلدۇرغان «تارانچى باللىرى ۋە چوڭلىرىنىڭ ئويۇنلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 3 - بابىدا «نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن ۋە بايرامدا ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» دېگەن بىر باب (مەزمۇن) خاتىرىلەنگەن[6].

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلى تارىخچىسى ۋە ئەدىب نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف (تەخەللۇسى: ئۇيغۇر بالىسى) ئىلىدىن ئاقسۇغا قىلغان زىيارىتىدە ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ جام يېزىسىدا تۇرغان چاغدا «بۇ يەردە نورۇز ھەپتىلەرچە بايرام قىلىنىدىكەن. بىزنىڭ بېرىشىمىزمۇ نورۇز بايرىمىغا توغرا كەلگەنلىكتىن ھەقىقىي نەق ئەھۋالنى كۆردۇق. خوتۇن - قىزلار، ئەر - ئوغۇللار ھەممىسى بىللە چوقا گۈلەڭگۈچ، كىچىكلىرى ئۈچقۇچلاردا ئوينىشىپ يۈرۈشەتتى. بۇ يەردىكى ئاياللارنى، قىزلارنى نامەھرەم دەپ كەمسىتىشلەر يوقكەن. كەچقۇرۇن، چوڭلار ئوغلاق تارتىشماقتا، كىچىكلىرى مىللىي ئويۇنلارنى ئوينىماقتا ئىدى. بىز ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ يېڭى يىلنى مۇنداق قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ھەپتىلەرچە بايرام ئوينىشىغا ھەيران بولدۇق» دېگەن[7].

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا غۇلجىدا ياشاپ ئۆتكەن شائىر سەنەۋبەر شاھ بىننى ئەھمەد ئاخۇن 1925 — 1935 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇر تىلىدا «نورۇزنامە» ناملىق داستان يازغان. پۈتۈن داستان مۇخەممەس شەكلىدە پۈتۈلگەن. شائىر داستانىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭ تارقالغان نورۇز بايرىمى مۇراسىملىرى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل ئەھۋاللىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن؛ ئەسەردە جەمئىيەتتە تەسىرى بار شائىرلار، مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلارنىڭ نورۇزغا ئاتاپ يازغان قەسىدە ۋە شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلغاندىكى تەنتەنىلىك كەيپىيات ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان[8].

① لۇتفىي: «گۈل ۋە بۇلبۇل» (رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 - يىللىق 1 - سان، ئۈرۈمچى.
② «مەۋلانا سەككاكى دىۋانى» (كەمال ئارسلان تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1999 - يىلى.
③ ئەلىشىر نەۋائىي: «خەزائىنۇلمەئانى»، تۆت يۈرۈش، ئون ئىككى توملۇك، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 - يىلى.
④ مەۋلانا يەقىنىي: «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» (روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2014 - يىللىق 3 - سان، ئۈرۈمچى.
⑤ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 83 - بېتىگە قارالسۇن.
⑥ يۇقىرى كىتاب، 1907 - يىلى، قازان باسمىسى.
⑦ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف، «ئالتەشەھەرگە سەپەر»، «ئەدەبىيات»(3)، 51 - بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2009 - يىلى، ئۇيغۇرچە.
⑧ «نورۇزنامە» (ئابدۇقەييۇم خوجا نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2007 - يىللىق 1 -، 2 - سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولغان ئاغزاكى شېئىر - قوشاقلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نورۇزنى تەرىپلەپ يېزىلغان شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ موللاشتى. 1950 - يىلىدىن بۇيان، كۆپلىگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خەلق ئارىسىدىن نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك قوشاقلارنى توپلىغان بولۇپ، بۇلار شەكىل ياكى ۋەزىن جەھەتتىن بېيىت، مەسنەۋى، غەزەل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

**2. خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى ھونلار، تۈركىيلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ باھار بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر**

دۆلىتىمىزنىڭ خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلىرىدىن «خەننامە»، «جۇنامە»، «ۋېينامە»، «سۈينامە»، «يۈۋياڭ مەجمۇئەسى» قاتارلىقلاردا ھونلار، تۈركىيلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ باھار بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، «نوملار شەرھى»، «قانۇنلار قامۇسى»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا، لى بەي، يوللۇغ چۇسەي، گۇەن يۈنشى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ غەربىي يۇرت ۋە شىمالدىكى قەبىلىلەرنىڭ باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىشى تەسۋىرلەنگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ[2].

لىن زېشۇ (1785 — 1850) ئۆز شېئىرىدا «نورۇز» (努鲁斯)نى تەسۋىرلىگەن. لىن زېشۇنىڭ ئەسىرى 《云左山房诗抄》(«يۈنزوشەن ئېغىزىدىكى بۆتخانىدا تەسنىپ ئېتىلگەن شېئىرلار»)دا شىنجاڭغا قايتقان چېغىدا يازغان بىر يۈرۈش شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار بار بولۇپ، بۇ شېئىرلار جەمئىي 24 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان. بوغۇز (海峡) ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002 - يىلى نەشر قىلىنغان «لىن زېشۇ ئەسەرلىرى» ناملىق 6 - قىسىم شېئىرلار توپلىمىغا بۇ شېئىرلاردىن 6 بېيىت كىرگۈزۈلگەن، بۇ قىسىمغا جەمئىي 30 بېيىت شېئىر كىرگۈزۈلگەن. بۇ 30 بېيىت شېئىرنىڭ بىر قانچىسىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ھېيت، روزا ھېيت نامىزى، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەر تەسۋىرلەنگەن. «شىنجاڭدىن قايتقان چاغدا پۈتۈلگەن شېئىرلاردىن 30 بېيىت»نىڭ 28 - بېيىتىدە «نورۇز» نامى تىلغا ئېلىنغان. تۆۋەندىكىدەك:

海兰达尔发双垂，歌舞争趋努鲁斯，
慢说灵魂解超、亡人屋上恣游嬉。

(قەلەندەرلەر - رىيازەتكارلار قىلار دائىم تىلاۋەت، نورۇزدىمۇ ئۇسسۇلى بار، ئېيتىشار ناخشا، بولسىكەن دەپ مول ھوسۇللار دائىما، مەرھۇملارنىڭ روھىغا قىلىشار دۇئا).

زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى بۇ بىر كۇپلېت شېئىرغا يەشمە بېرىپ مۇنداق يېزىشقان: بۇ شېئىردا تىلغا ئېلىنغان «قەلەندەر» (海兰达尔) سۆزى پارس تىلىدىن كېلىپ چىققان سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوپىلار تەرىقىتىدىكى دۇئا - تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ نامىدۇر، يەنى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان رىيازەتكارلاردۇر. «نورۇز» (努鲁斯) ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، «باھار بايرىمى» دېگەن مەنىدە، ھازىر «诺鲁孜» دەپ يېزىلىدۇ، ھەر يىلى تەخمىنەن 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ياراتقۇچىغا قايتىدۇ، شۇڭا قورقۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارىلىدۇ.

① ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا يازغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، ئىمىن تۇرسۇن يازغان «نورۇزنامە»گە قارالسۇن.
② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن يازغان «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىغا قارالسۇن.

بۇ بېيىتنىڭ مەنىسىنى يەنىمۇ ئاممىبابلاشتۇرغاندا: جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغانلار نورۇز كۈنىدە كىشىلەرگە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىپ، مول ھوسۇللۇق يىل بولۇشى ئۈچۈن مەرھۇملارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ، مەرھۇملارنىڭ روھىنىڭ خۇشال بولۇشىغا ئاتاپ تىلاۋەت قىلىدۇ[①].

بىرىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1841 ـ يىلى، لىن زېشۈ شىنجاڭغا ئىلىغا چۈشۈرۈلۈپ، بوز يەر ئېچىشقا قاتناشتۇرۇلىدۇ. بۇ جەرياندا تۆھپە كۆرسەتكەن بولغاچقا، داۋگۇاڭ خاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلىدۇ. لىن زېشۈ قېرىپ كەتكىنىگە، تېنىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماي، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا، ئۈچتۇرپان،ئاقسۇ، ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)، ياركەند (بۈگۈنكى يەكەن) قاتارلىق سەككىز شەھەردە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ بىر يۈرۈش شېئىرلارنىمۇ ئۇ شىنجاڭدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جەرياندا بايقىغان ئەھۋالغا ئاساسەن يېزىپ چىققان.

3. چېگرا سىرتىدىكى نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى دۆلەتلەردىكى ئالىملار ۋە يازغۇچىلار نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار خاتىرىلەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىمدا تۇغۇلغان ئالىم بىرۇنى (مىلادىيە 973 — 1048 ـ يىللار) يازغان «ئەل ـ ئاسارۇل ـ باقىيە» ناملىق كىتابىدا نورۇز بايرىمىغا دائىر بايانلار بار[②]. بۇنىڭدىن باشقا، فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» داستانىدا[③]، خوجا ئەلى تىرمىزىي (مىلادىيە 859 — 932 ـ يىللار)نىڭ «نورۇزنامە»، ئۆمەر ھەييامنىڭ ئوخشاش نامدىكى ئەسىرى «نورۇزنامە»[④]، «نورۇز بايرىمىنىڭ بارلىققا كېلىشى»[⑤]، مىرخاندنىڭ «رەۋزەتۇس ـ سەفا» ۋە «شەمسىل ـ لۇغەت»[⑥]، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك»[⑦] قاتارلىق كىتابلاردىمۇ نورۇز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار خاتىرىلەنگەن.

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابىدا موڭغۇللارغا ئالاقىدار «ئەرگىنەقۇن رىۋايىتى» بايان قىلىنغان[⑧]. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى قىسمەن ئالىملار بۇ رىۋايەت بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» (99 ـ جىلد)، «جۇنامە» (50 ـ جىلد)دا خاتىرىلەنگەن تۈركىيلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئالاقىدار رىۋايەتنى مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ[⑨]. بەزىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، تۈركىي ـ موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى بىر كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن چوڭقۇر جىلغا (ئەرگىنەقۇن) دىن چىقىپ كەتكەن شۇ كۈنى باھار بايرىمى، يەنى نورۇز كۈنى بولۇشى مۇمكىن[⑩].

---

① جۇ شۈەن: «لىن زېشۈنىڭ ‹شىنجاڭدىن قايتقان چاغدا يۇتۇلگەن شېئىرلاردىن 30 بېيىت، ھەققىدە›»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىللىق 2 ـ سان، 93 ـ بەت.

② ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى: «ئەل ئەسەر ئەل باقىيە» (د.ئاھسان باتۇر تەييارلىغان)، ئىستانبۇل، سېلېنگا يايىنلارى، 2011 ـ يىلى، تۈركچە.

③ فىردەۋسىي: «شاھنامە» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.

④ ئۆمەر ھەييام: «نورۇزنامە» (روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2012 ـ يىللىق 6 ـ سان، 2013 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئۇرۇمچى.

⑤ «نورۇزنامە›نىڭ بىر بابى»، ئابدۇلباقى ھاجىم جالالئىر ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغان، «قەشقەر» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىللىق 2 ـ سان،69 — 96 ـ بەتلەر.

⑥ مەھمۇد زەيدى: «نورۇز ۋە نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان، 12 ـ بەت.

⑦ «شەجەرەئى تۈرك»، 2005 ـ يىلى، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى.

⑧ «شەجەرەئى تۈرك»كە قارالسۇن، 2005 ـ يىلى، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 29 ـ بەت.

⑨ خەن رۇلىن: «تۈركىي ـ موڭغۇللارنىڭ ئەجدادىغا ئالاقىدار رىۋايەتلەر»، بېيپىڭ تەتقىقات يۇرتى تارىخ تەتقىقات ئورنى چىقارغان مەجمۇئەنىڭ 4 ـ جىلدى، 1940 ـ يىلى.

⑩ ئابدۇكېرىم رەھمان: «نەۋرۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ ئەلى غوپۇر: «ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

### 4. نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇش مەسىلىسىگە ئالاقىدار تەتقىقاتلار

نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان بىر قانچە رىۋايەتنىڭ ئۆزىلا بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشنى بىر قىسىم رامكا بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ؛ يەنى بۇ رىۋايەتلەردىن نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى يىپ ئۇچلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «قاراخان پادىشاھىم ۋە نورۇز»، «ئادەم ئاتا ۋە نورۇز»، «نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە نورۇز»، «يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ۋە نورۇز»، «جەمشىت ۋە نورۇز» قاتارلىقلار. نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەر ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە: بىر قاراشتىكىلەر نورۇز رىۋايەتلىرىنى ھام ـ سام ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ رىۋايەتكە ئاساسلانغىنىمىزدا، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كۈنى نورۇز بايرىمى كۈنى بولىدۇ[①]. بۇنىڭدىن باشقا نورۇز رىۋايەتلىرىنىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك، نۇھ ئەلەيھىسسالام بولسا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى شىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدۇر دەپ قارايدۇ. ئادەملەر يامان ئىشلارنى قىلغاچقا، ئاللاھ ئۇلارنى كەلكۈن سۈيىگە غەرق قىلىپ يوقاتقان؛ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەققانىي بولغاچقا، جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن كېمە ياساپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى، ھەرخىل ئۇچار قاناتلار ۋە ھايۋانلارنى كېمىسىگە سېلىپ باشلاپ ماڭغان. كەلكۈن قىرىق كېچە ـ كۈندۈزدە پەسەيگەن، ئۇ ئالدى بىلەن قارغىنى قويۇپ بەرگەن، بىراق قارغا قايتىپ كەلمىگەن؛ كەپتەرنى قويۇپ بەرگەندە، كەپتەر زەيتۇن دەرىخىنىڭ يېڭىدىن ئۈزۈلگەن يوپۇرمىقىنى چىشلەپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەن. «نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە نورۇز» دېگەن رىۋايەتكە ئاساسلانغىنىمىزدا، نۇھ ئەلەيھىسسالام قۇرۇقلۇققا چىققان كۈنى نورۇز كۈنى بولىدۇ[②]. ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر قەدىمكى ئىران رىۋايەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئەل ـ ئاسارۇل ـ باقىيە»، «شاھنامە»، «نورۇزنامە» (ئۆمەر ھەييام يازغان)، «تارىخى مۇلكى ئەجەم» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە نورۇز بايرىمىنى ئىران پادىشاھى جەمشىد بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى نورۇز بايرىمى جەمشىد ھاكىمىيەت بېشىدىكى دەۋرلەردە كېلىپ چىققان دەپ بايان قىلىندۇ. بۇ ئەسەرلەردە جەمشىد ئادىل، شەپقەتلىك پادىشاھ بولۇپ، بىر كۈندىلا تارىختا بولۇپ باقمىغان كاتتا سارايي سالدۇرۇپ، دانىشمەنلەر ۋە مەشھۇر ئەدىبلەرنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كېڭەشكەن؛ بۇ كۈنمۇ نورۇز كۈنىدۇر. ئۈچىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر نورۇز نامى پارس تىلىدىن كېلىپ چىققان، پارس تىلىدا «نو» (نەۋ) بولسا «يېڭى»، «روز» بولسا «كۈن» دېگەن مەنىدە؛ بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كېلىپ، «يېڭى كۈن» ياكى «يېڭى يىل» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، نورۇز بايرىمى ئىراندا پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. تۆتىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر، نورۇز بايرىمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىنسانلار توپى ئەمەل قىلىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۆچەل» ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىپتىدائىي توتېملار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ[③]. بەشىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر، قەدىمكى تۈركىي ـ موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى ئەرگىنەقۇن جىلغىسىدىن چىققان كۈن بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى ئەڭ بۇرۇن تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد زەكى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان؛ تۈركىيەدىكى كۆپ قىسىم تۈركىيشۇناسلار ئاساسىي جەھەتتىن بۇ خىل كۆز قاراشنى ياقلايدۇ. ئېلىمىزدىكى ئىلىم ئەھلىلىر-

① قولۇمدا ئايشەم ئەخمەتھاجى قامىلى ئېيتىپ بەرگەن «ئادەم ئاتا ۋە نورۇز» ناملىق رىۋايەت خاتىرىسى بار.
② قولۇمدا ئايشەم ئەخمەتھاجى قامىلى ئېيتىپ بەرگەن «ئادەم ئاتا ۋە نورۇز» ناملىق رىۋايەت خاتىرىسى بار.
③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن.

دىن ئابدۇكېرىم راخمان، ئەلى غوپۇر، يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى قاتارلىقلارمۇ بۇ كۆز قاراشنى قوللايدۇ. بۇ كۆز قاراشقا ئاساسلانغىنىمىزدا، مۇنداق بىر ئەمەلىي مەسىلە ساقلانغان بولىدۇ، يەنى شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى بولغان يۇغۇرلاردا نورۇز بايرىمى ساقلىنىپ قالمىغان. بۇنىڭدىن باشقا خوتەن چاڭدې ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ نورۇز بايرىمى يوق بولۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئۇ يەرگە كۆچۈپ بارغان. پەقەت «ئەرگىنە قون» رىۋايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراش بويىچە بولسا، ئۇنداقتا يۇغۇرلار ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ نورۇز بايرىمى قېپقېلىش ئېهتىماللىقى بولىدۇ. بىراق يۇغۇرلار ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرى نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزمەيدۇ. ئالتىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر، قەدىمكى قاراخانىيلار خاندانلىقى خاقانىنىڭ بوۋىسىغا ئالاقىدار بىر رىۋايەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ رىۋايەتتە بىر خاقانىنىڭ قاراڭغۇلۇق مەملىكىتىدىن چىققان كۈنى نورۇز كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغان[1]. ئۇنىڭدىن باشقا، نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىكى يۇنۇس ئەلەيهىسسالام، يۇسۇف ئەلەيهىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپمۇ قارىلىدۇ. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، دۈشمەنلەر يۇنۇس ئەلەيهىسسالامنى قوغلاپ كېلىۋاتقان خەتەرلىك پەيتتە ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىغاندا، كۈتۈلمىگەندە بىر چوڭ بېلىق يۇتۇۋەتكەن، ئۇ بېلىقنىڭ قارنىدا 40 كېچە - كۈندۈز ياتقاندىن كېيىن، بېلىق ئۇنى يەنە ئاغزىدىن قوسۇپ چىقىرىپ، دېڭىز ساھىلىدىكى قۇرغاق بىر يەرگە چۈشۈرۈپ قويغاندا ئۆزىنىڭ ئۇرۇقداش قەبىلىدىكىلىرى تەرىپىدىن تېپىۋېلىنغان، بۇ كۈنى نورۇز كۈنىگە توغرا كەلگەن[2]. يۇسۇف ئەلەيهىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئاللاھ يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە خۇش بېشارەت بەرگەن كۈنىمۇ نورۇز بايرىمى كۈنى بولغان بولىدۇ[3]. ئىسلام دىنى ئەپسانە - رىۋايەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلارغا ئاساسلانساق، ئۇنداقتا ئېلىمىزدىكى خۇيزۇ، سالار، باۋئەن قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردە نورۇز بايرىمى يوق دېيىشكە بولىدۇ. بەزىلەر بۇ نورۇز بايرىمىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر مىسال: دۇنيادا يىگىرمىدىن ئارتۇق ئىسلام دۆلەتلىرىدە نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. «يۇنۇس ئەلەيهىسسالام ۋە نورۇز»، «يۇسۇف ئەلەيهىسسالام ۋە نورۇز» ناملىق رىۋايەتلەرنىڭ دەۋر مەسىلىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگەندە، بۇ رىۋايەتلەر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىلا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، «تارىخىي تەبەرى»[4]، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ يۇنۇس ئەلەيهىسسالام ۋە يۇسۇف ئەلەيهىسسالام دەۋرلىرىدە نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزگەنلىك توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەر تەسۋىرلەنمىگەن، شۇنداقلا ئادەم ئەلەيهىسسالام، نۇھ ئەلەيهىسسالاملارنىڭمۇ نورۇز بايرىمى بىلەن ئالاقىسى بارلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىك ئۇچرىمايدۇ[5].

ئاخىرىدا تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن جۇڭگونىڭ جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن تارقالغان «سۇمۇز» بەلكىم نورۇز بايرىمىنىڭ بىرخىل شەكلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

---

① «قاراخان پادشاھىم ۋە نورۇز» (ئوسمان قاسىم ئېيتىپ بەرگەن) دېگەن رىۋايەتكە قارالسۇن، 1975 - يىلى قىشتا توپلاپ رەتلەنگەن، قەشقەر شەھەر ئەتراپىدا تارقالغان رىۋايەت؛ «بۇلاق» ژۇرنىلى 2014 - يىللىق 5 - سان.

② قولۇمدا ئايشەم ئەخمەتهاجى قاسىلى ئېيتىپ بەرگەن «يۇنۇس ئەلەيهىسسالام ۋە نورۇز» ناملىق رىۋايەت خاتىرىسى بار.

③ ئوسمان قاسىم ئېيتىپ بەرگەن «يۇسۇف ئەلەيهىسسالام ۋە نورۇز» ناملىق رىۋايەت خاتىرىسى بار.

④ «مىللەتلەر ۋە پادشاھلار تارىخى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر تەبەرى (838 — 923 - يىللار) يازغان.

⑤ «تارىخىي تەبەرى» (ئىمىن تۇرسۇن نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1996 - يىلى باستۇرۇلغان؛ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ 2011 - يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسى)غا قارالسۇن.

دۆلەت سىرتىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىدىن قارىغىنىمىزدا، نوروز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن سۈرۈشتۈرگەندە، ئاساسلىقى ئاسترونومىيەلىك كالېندار قۇياش كالېندارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردە 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) يېڭى بىر يىلنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي دەۋرلەرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پارس ئەھمانىيلار ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە نوروز بايرىمى زورائاستىر دىنىنىڭ بايرىمىغا ئايلانغان. شۇنداقلا، خېلى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئوتتۇرا شەرقتىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىكى كۆپ قىسىم ئىرانىي تىللىق ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭمۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىغا ئايلانغان. بىراق ئىسلام دىنى بىلەن مەنبەلىك مۇناسىۋىتى يوق.

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى نوروز بايرىمىنى خەلقئارالىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىنى خەلقئارا نوروز بايرىمى قىلىپ بېكىتتى.

5. نوروز بايرىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر

قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭنىڭ كەڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نوروز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ خىل يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ:

1) «نوروز بۇلاق» ۋە نوروز بايرىمى. ھاجەتمەنلەر نوروز بۇلاق ئەتراپىدا ئۆتكۈزىدىغان نوروز بايرىمى ئاجايىپ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئەتراپقا بولغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. «نوروز بۇلاق» قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزا قۇمباغ ـ ئازىغ («سۆسەر ئېغىزى»مۇ دېيىلىدۇ) كەنتىگە جايلاشقان، ئۇ يەردە يەنە «نوروز بۇلاق» دۆڭلۈكىمۇ بار. ئەتراپتىكى كىشىلەر ھەر يىلى «نوروز بۇلاق»قا يىغىلىپ، داغدۇغىلىق ھالدا نوروز بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ؛ بەزى چاغلاردا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى جايلاردىن بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ سانى ھەتتا نەچچە ئون مىڭغا يېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە نوروز بايرىمى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش 11 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي زامانىدىن قېپقالغان بولۇپ، كۈنىمىزگە قەدەر 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن[①].

2) خەلق مۇقاملىرى ۋە نوروز بايرىمى. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا نوروز بايرىمىغا مۇناسىۋەتلىك خەلق مۇقاملىرى، مۇزىكىلىرى ئۇچرايدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئىلگىرى بۇخىل مۇقامنى «نوروز مۇقام» دەپ ئاتاپ، كۆپ خىل نوروز مۇقامىنى مىسال كۆرسەتكەن. مەسىلەن، «نوروز بۇزۇرۇك»، «نوروز ھۇسەينى»، «نوروز كۆچەك»، «نوروز بۇسېلىك»، «نوروز راست»، «نوروز سۇلتانى» قاتارلىقلار.

3) دارۋازلىق سەنئىتى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان نوروز بايرىمى. دارۋازلىق سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ نوروز بايرىمى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. قەدىمدىن تارتىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر دارۋازلىق پائالىيىتى نوروز بايرىمى بىلەن بىللە ئاجايىپ تەنتەنىلىك ۋە قالتىس ئۆتكۈزۈلگەن. مەسىلەن، تۇرغۇن ئۆمەر ئۆزىنىڭ «يېڭىسارنىڭ دارۋازلىرى» ناملىق ماقالىسىدە، 1936 ـ يىلى، يېڭىسارنىڭ

① «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ناملىق كىتابقا قارالسۇن، ئۇيغۇرچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 22 ـ بەت؛ مۇھەممەدئىمىن ئەخمەت توپلاپ رەتلىگەن: «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى، توغرىسىدا ئەسلىمە»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا قارالسۇن.

② «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە» ناملىق كىتابقا قارالسۇن، ئۇيغۇرچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 22 ـ بەت.

«چۆجە پادىشاھىم لەنگىرى» دېگەن يېرىدە نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، مەشھۇر دارۋاز ھاشىم ھاجى دارۋازلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئون مىڭدەك تاماشىبىننىڭ ئالدىدا ئاجايىپ خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى بايان قىلغان[1].

4) مەشرەپ ۋە نورۇز بايرىمى. مەشرەپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ ئومۇملاشقان، خەلق ئىچىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپلەر نورۇز بايرىمى مەزگىلىدە ئەڭ قىزىيدۇ. بۇ چاغدا مەشرەپ بىلەن نورۇز بايرىمىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئويۇن - تاماشالىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ، بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. نورۇز بايرىمى يەنە بىرخىل مەشرەپ مۇراسىمى سۈپىتىدە «سۇمۇز بەزمىسى»، «نورۇز مەشرەپ»، «كۆك مەشرىپى»، «نورۇز بايات»، «نورۇز ناۋا»، «نورۇز ھۇسەينى»، «نورۇز بۇزۇرۇك»، «نورۇز ھارا»، «يىپەكچىلەر نورۇز مەشرىپى»، «نورۇز مۇقام» قاتارلىق تۈرلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

5) نورۇز بايرىمى ۋە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش. نورۇز بايرىمىنىڭ ئاساسلىق مۇراسىملىرىدىن بىرى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشتۇر. بۇخىل مۇراسىمدا كۆپىنچە «باللار نورۇز بېيىتلىرى»، «نورۇز قوشاقلىرى»، «باھارنى كۈتۈۋېلىش ناخشىلىرى» قاتارلىق ناخشا، قوشاقلار ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دېكلاماتسىيە قىلغۇچى قوشاق پۈتكەن قەغەزنى نورۇز بۇلاقنىڭ سۈيىگە تاشلايدىغان ئادەت بار.

6) كىشى ئىسىملىرى ۋە نورۇز. ئۇيغۇرلارنىڭ ئات قويۇش ئۆرپ - ئادىتىدىمۇ نورۇزنى ئىسىم قىلىپ قويىدىغان ئادەت دائىم دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. بىرەر ئائىلىدە بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى نورۇز بايرىمىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئائىلە باشلىقى بالىسىغا نورۇز دېگەن ئىسىمنى خۇشاللىق ئىلكىدە قويۇپ قويىدۇ؛ ئەگەر بوۋاق ئوغۇل بولسا «نورۇز»، «نورۇزاخۇن»، «نورۇز قارى» قاتارلىق ئىسىملارنى، قىز بولۇپ قالسا «نورۇزخان»، «نورۇزگۈل»، «نورۇزقىز»، «نورۇزبۇۋى» قاتارلىق ئىسىملارنى قويىدۇ. لېكىن، 1980 - يىلىدىن بېرى بۇخىل ئۆرپ - ئادەت بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى.

**6. نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىغا ئالاقىدار كىتابلار**

ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلىرى: «نورۇزنامە»[2]، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇزغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب يېزىلىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن يەنە بۇنداق كىتاب - مەجمۇئە، توپلاملاردا نورۇزغا دائىر قوشاق - نەزمە ۋە بايانلار ئۇچرايدۇ: مەسىلەن، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»[3] (21 — 22 - بەتلەر)، «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى»[4] (144 — 150 - بەتلەر)، «نورۇز ھەققىدە رىۋايەت»[5]، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»[6] (416 — 420 - بەتلەر)، «قومۇل نەزمىلىرى»[7] (535 — 538 - بەتلەر). «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»[8] (348 — 361 - بەتلەر)،

---

① «يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» - يېڭىسار تارىخىي ماتېرىياللىرى 5 - قىسىمغا قارالسۇن، سىياسىي كېڭەش يېڭىسار ناھىيەلىك كومىتېتى، 2010 - يىلى 10 - ئايدا باستۇرغان.

② ئىمىن تورسۇن يازغان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2011 - يىلى نەشر قىلغان.

③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن يازغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان. بۇ كىتاب 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

④ «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى، 1985 - يىلى 9 - ئاي، 1 - ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑤ دىلنۇر ئابلىز، «جەزبىدار گۈلدەستە»گە كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 - يىلى.

⑥ ئابدۇكېرىم راخمان يازغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىلى.

⑦ ئەلى ئىسمايىل رەتلىگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى.

⑧ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

«جۇڭگو قوشاقلىرى توپلىمى شىنجاڭ تومى — غۇلجا ناھىيەسى قىسمى»[1] (69 — 70 - بەتلەر)؛ «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»[2] (137 - بەت)؛ «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى — 5»[3] (133 — 136 - بەتلەر)؛ «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»[4] (261 — 265 - بەتلەر)؛ «ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرى قامۇسى»[5] (353 — 358 - بەتلەر)؛ «بىزنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتىمىز»[6] (275 — 276 - بەتلەر)؛ «قەشقەر فولكلور مەدەنىيىتى»[7] (209 — 212 - بەتلەر)؛ «تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر قەشقەر»[8] (323 — 331 - بەتلەر)؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر» قاتارلىقلاردا نورۇز بايرىمىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار تەپسىلىيرەك بايان قىلىنغان.

خەنزۇ يېزىقىدىكىلىرى: 《新疆民俗》(«شىنجاڭنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى»، لو ۋاڭخاۋ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى، 55 — 57 - بەتلەر)، 《维吾尔族》(«ئۇيغۇر مىللىتى، چې چېڭشۇن، باھارگۇل، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 125 — 126 - بەتلەر)، 《新疆百科知识辞典》(«شىنجاڭنىڭ ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى»، بو كەيفۇ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، سەنشى خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى، 489 — 490 - بەتلەر)، 《维吾尔族》(«ئۇيغۇرلار»، ۋاڭ رېفىي، ياسىن ھوشۇر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى،489 — 490 - بەتلەر)، 《中国少数民族文化大辞典》(«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»، تۆمۈر داۋامەت باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 - يىللى نەشرى، 258 - بەت)، 《能歌善舞的维吾尔族》(«ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ئۇيغۇرلار»، جاۋ يۇڭجيۇ، بېيجىڭ تىل مەدەنىيىتى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 - يىللىق نەشرى، 99 — 100 - بەتلەر)، 《新疆百科全书》(«شىنجاڭ قامۇسى»، تەھرىرات كومىتېتى تۈزگەن، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشرى، 97 - بەت)، 《中国新疆民俗》(«جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى»، لو ۋاڭخاۋ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى، 55 —57 - بەتلەر)، 《维吾尔族: 历史与现状》(«ئۇيغۇر مىللىتى: تارىخ ۋە ھازىرقى ئەھۋال»، ۋاڭ چيەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005 - يىلى، 121 - بەت)، 《维吾尔民族风情》(«ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئادەتلىرى»، لى ياڭ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى، 2006 - يىلى، 20 — 25 - بەتلەر)، 《维吾尔族民俗文化》(«ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى»، ش ئۇ ئا ر تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسى جەمئىيىتى تۈزگەن، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، 192 — 193 - بەتلەر)، 《少数民族节日——天山南北的诺如孜节》(«ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بايراملىرى — تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا نورۇز»، جى چېڭچيەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى، 26 — 32 - بەتلەر)، 《新疆少数民族服饰与节庆》«شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە بايراملىرى»، ماشىڭفۇ، جۇڭگو ساياھەت نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشرى، 28 — 29 - بەتلەر)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى» (ساۋ خۇڭ،

---

① غۇلجا ناھىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمى تۈزۈش ھەيئىتى تەييارلىغان، 1991 - يىلى بېسىلغان ئاددىي باسما نۇسخا.
② ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتارلار تەييارلىغان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى.
③ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى.
④ ئەنۋەر تۇرسۇن يازغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىلى.
⑤ ئوچقۇنجان ئۆمەر تۈزگەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 -يىلى.
⑥ ئۆمەرجان سىدىق تۈزگەن ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە نۇسخىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى، 2010 - يىلى.
⑦ ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 - يىلى.
⑧ ئادىل مۇھەممەت تۈزگەن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013 - يىلى.

مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 116 ـــ 117 ـ بەتلەر)، 《西域文明》«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، ۋاڭ يۇڭ، گاۋ جىڭ، بېيجىڭ پاكىت (事实) نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 252 ـــ 253 ـ بەتلەر)، 《中国少数民族重大节日调查研究》«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ بايراملىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش تەتقىقاتى»، شىڭ لى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 258 ـ بەت).

7. نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر

«ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى»[1]، «نورۇز توغرىسىدىكى شېئىر ـ قوشاقلار»[2]، «ئۈچتۇرپاندىكى جايىتاغ نورۇزلۇقى»[3]، «ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى»[4]، «نورۇز بايرىمى توغرىسىدا»[5]، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى»[6]، «تەنتەربىيە بايرىمى ـــ نورۇز»[7]، «ئۈچتۇرپاندىكى جايىتاغ نورۇزلۇقى»[8]، «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى»[9]، «تارىخىي مەنبەلەردە نورۇز بايرىمى»[10]، «ئەنئەنىۋى بايرام ـــ نورۇز توغرىسىدا پاراڭ»[11]، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»[12]، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»[13]، «بىزدە نورۇز»[14]، «نورۇز قوشاقلىرى»[15]، «نورۇز خاتىرىسى»[16]، «نورۇز ـــ قۇتلۇق بايرام»[17]، «نورۇز بايرىمىنىڭ تارىخى مەنبىئى»[18]، «نورۇز ۋە نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى»[19]، «نورۇزنىڭ تارىختىكى ئىزلىرى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانى»[20]، «نەۋرۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا»[21]، «تەبىئەت بايرىمى نەۋرۇز»[22]، «نورۇزدىكى ياخشى خىسلەتلەر»[23]، «تەبىئەت بايرىمى ـــ نەۋرۇز»[24]، «نەۋرۇز بايرىمىنىڭ مىللىي ۋە دۇنياۋى خاراكتېرى»[25]، «نورۇز قانداق كېلىپ چىققان»[26]، «نورۇز

① يۈسۈپ: «شىنجاڭ گېزىتى»، 1950 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يىللىرىدىكى سانى.

② «تارىم» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق 2 ـ سان.

③ غەيرەت ئۆمەر، ئۆمەر موللا: «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 ـ يىلى 17 ـ مارتتىكى سانى.

④ ياسىن قاسىم: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1985 ـ يىلى 3 ـ مارتتىكى سانى.

⑤ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1986 ـ يىلى 21 ـ مارتتىكى سانى.

⑥ جۈنەيد بەكرى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1986 ـ يىللىق3 ـ سان.

⑦ تەھرىر بۆلۈمى، «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑧ تەھرىر بۆلۈمى، «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑨ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 ـ يىلى 8 ـ مارتتىكى سانى.

⑩ ھاجى ياقۇپ يۈسۈبى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑪ ياسىن قاسىم: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑫ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 2 ـ سان؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑬ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى.

⑭ ن. ھۈسەيىن: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑮ خېمىت نىغمەت تەييارلىغان: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑯ مەھمۇد زەيدى: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1993 ـ يىلى 2 ـ مارتتىكى سانى.

⑰ ئىمىن تۇرسۇن: «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 ـ يىلى 19 ـ مارتتىكى سانى.

⑱ ئەركىن مۇھەممەت: «قەشقەر گېزىتى»، 1993 ـ يىلى 27 ـ مارتتىكى سانى.

⑲ مەھمۇد زەيدى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑳ مەھمۇد زەيدى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 3 ـسان.

㉑ ئابدۇكېرىم رەھمان: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉒ ئابدۇكېرىم رەھمان: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉓ جاپپار ئىمەت: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1997 ـ يىلى 26 ـ مارتتىكى سانى.

㉔ ئابدۇكېرىم رەھمان: «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉕ ئابدۇكېرىم رەھمان: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1998 ـ يىللىق توپلام.

㉖ مەھمۇد زەيدى: «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1999 ـ يىلى 4 ـ مارتتىكى سانى.

بايرىمى ۋە نورۇز قوشىقى»[1]، «نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا پاراڭ»[2]، «نورۇز بايرىمى»[3]، «نورۇز بايرىمىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە ئىككى كەلىمە»[4]، «نورۇز ئىلھامىدىن ئۇرغىغان ئۈمىد ــ تىلەكلەر»[5]، «نورۇز ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز»[6]، «ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»[7]، «شەرقتە نەۋرۇز»[8]، «نورۇز»[9]، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بايراملىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە يېڭى ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ــ نورۇز بايرىمىنى گۈللەندۈرۈش مىسالىدا»[10]، «ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى توغرىسىدا»[11]، «نورۇز بايرىمى»[12]، «نورۇز بايرىمى ۋە سەھرا خەتمە»[13]، «نورۇزلۇق تائام ـ سۈمۈلەك»[14]، «نورۇز ھەققىدە نەزمىلەر»[15]، «نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىش مەنبەئى ۋە ئەنئەنە بولۇپ شەكىللىنىشى»[16]، «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى نورۇز بايرىمى ھەققىدە قالدۇرغان تارىخىي مەنبەلەر»[17]، «ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ نورۇز بايرىمى تەتقىقاتى توغرىسىدا»[18]، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى»[19]، «نورۇز بايرىمىنىڭ خاسىيەتلىرى»[20]، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ــ نورۇز»[21]، «نورۇز بايرىمى ھەققىدە»[22] «نورۇز بايرىمىنىڭ قىممىتى ۋە ھېكمىتى»[23]، «نورۇز بايرىمىنى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك»[24]، «نورۇز بايرىمىنىڭ قىممىتى ھەققىدە»[25]، «كەلپىنلىكلەرنىڭ ‹نورۇز ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى› توغرىسىدا»[26]، «نورۇز بايرىمىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»[27]. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ھەرخىل مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرمۇ بار.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشى ۋە گۈللىنىشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى

---

① كېرەم قاسىم ئەۋجى: «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ 1999 ـ يىلى 13 ـ مارتتىكى سانى.
② گۈلشات ئابدۇقادىر: «ئىلى گېزىتى»نىڭ 1999 ـ يىلى 29 ـ ئاپرېلدىكى سانى.
③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1999 ـ يىلى 20 ـ مارتتىكى سانى.
④ شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2000 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېلدىكى سانى.
⑤ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2000 ـ يىلى 28 ـ مارتتىكى سانى.
⑥ مەھمۇد زەيدى: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 20 ـ مارتتىكى سانى.
⑦ گۈلنار ئېزىز: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىللىق 2 ـ سان.
⑧ ئابدۇشۈكۈر كېرەم، ئەمەت جېلىل: «تەقدىرداش» ژۇرنىلى، قومۇل، 2002 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانلار.
⑨ نۇرمۇھەممەد ئابدۇۋەلى: «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 2004 ـ يىللىق 3 ـسان.
⑩ قاھار غوپۇر: «سودا سارىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 47 ـ قىسمىدا ئېلان قىلىنغان.
⑪ ئەلى غوپۇر: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق 1 ـ سان.
⑫ نۇرسۇن ساۋۇت: «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 2008 ـ يىلى 20 ـ مارتتىكى سانى
⑬ ئەمەر تالىپ: «شىنجاڭ گېزىتى»2009 ـيىلى 3 ـئاينىڭ 13 ـكۈنى،
⑭ پەيزۇللا ئىساق: «شىنجاڭ گېزىتى»2009 ـ يىلى 3 ـئاينىڭ 13 ـ كۈنى.
⑮ ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇكېرىم راھمان، ئابدۇلئەھەد ئىسمائىل ئوغلان: «شىنجاڭ گېزىتى» 2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.
⑯ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى: «قەشقەر» ژۇرنىلى، 2010 ـ يىللىق 2 ـ سان.
⑰ ئۆمەر داۋۇت: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2011 ـ يىللىق 1 ـ سان.
⑱ ئۆمەر داۋۇت: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2011 ـ يىللىق 1 ـ سان.
⑲ ئابدۇقەييۇم مىجىت: «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى، 2012 ـ يىللىق 2 ـ سان.
⑳ نۇرسۇن ساۋۇت: «بىلىم كۈچ» ژۇرنىلى، 2012 ـ يىللىق 3 ـ سان.
㉑ ئەشرەپ ئابدۇللا: «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىكى سانى.
㉒ نۇرگۈل ئابدۇۋايىت تەييارلىغان: «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى سانى.
㉓ ئەشرەپ ئابدۇللا: «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2013 ـ يىلى 20 ـ مارتتىكى سانى.
㉔ غەيرەتجان ئوسمان: «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2013 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىردىكى سانى.
㉕ ئەشرەپ ئابدۇللا: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى: «بۇلاقكۆل» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىلى، ئومۇمىي 3 ـ سان، 89 ــ 102 ـ بەتلەر.
㉖ بەختىگۈل نىزاق: «كەلپىن» ژۇرنىلى، 2014 ـ يىللىق 1 ـ سان.
㉗ ئۆمەر داۋۇت: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 2014 ـ يىللىق 5 ـ سان.

چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ ئۆزگە خاس ئارتۇقچىلىققا ئىگە.

**8. نورۇز بايرىمى ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىقاتى ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نورۇز بايرىمىغا نىسبەتەن ئىلمىي بولمىغان ۋە مۇۋاپىق بولمىغان بىر قىسىم چۈشەنچە ۋە تونۇشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل: بۇنىڭ بىرى، رادىكال دىنىي پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار: «نورۇز بايرىمى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئىسلام دىنى بايرىمىمۇ ئەمەس، شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ نورۇز ئۆتكۈزۈشى، نورۇز بايرىمى مۇراسىمىغا قاتنىشىشى مۇۋاپىق ئەمەس، كىمكى قاتناشسا غەيرىي دىندىكىلەردەك بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. يەنە بىرى، بىر قىسىم كىشىلەر: «نورۇز بايرىمى ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىدى، شۇڭا نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە بايرام تەنتەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئېستېتىك قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، نورۇز بايرىمى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەزمەن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك پائالىيەت دېيىشكە بولىدۇ؛ پەقەت نورۇز بايرىمىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىقى يوق، خالاس. ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىسلام دىنى رايونىمىزغا تارقىلىشتىن خېلىلا بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان ۋاقتى ئۇنىڭدىن خېلىلا بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پەقەت ئىسلام دىنى دائىرىسىدىكىلا ھېيت ـ بايراملارنى ئېتىراپ قىلىش مىللەتشۇناسلىق، فولكلورشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، نورۇز بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتىدە مۇھىم تەشكىل قىلغۇچى ئامىلنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە ئادىتىدە بىر يىلدىكى جاپالىق تۇرمۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، كەلگۈسى بىر يىلدىكى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىگە، كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم ۋە خۇشال ـ خۇرام بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

نورۇز بايرىمى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بايرام ئەمەس، ئەمما ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ نورۇز پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشنى قوللاپ كەلمەكتە. دۇنيادا كۆپلىگەن مىللەتلەر ۋە دىنلار مەۋجۇت بولۇپ، نورۇز بايرىمىمۇ كۆپ خىل بايراملار ئىچىدىكى بىرى. دۆلىتىمىزدە 56 مىللەت بار، شۇنداقلا ھەممە مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بار. ھېيت ـ بايرام بولسا بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى نورۇز بايرىمىنى ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل تۈستە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلاردا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىسپاتلاپ چىقىش ۋە ئىلمىي دەلىللەشنى ياخشى ئېلىپ بارمىغان. بۇخىل ئەھۋال ئاستىدا نورۇز بايرىمىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى بالدۇرراق باشلانمىغان. ئۇ چاغدا جەمئىيەتتە نورۇز بايرىمىنى مىللەتنىڭ بايرىمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چىقىش قارىشى شەكىللەنمىگەچكە، ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلىش ئېغىمۇ تۆۋەنرەك بولغان. ئەمەلىيەتتە نورۇز بايرىمى خۇشاللىق بايرىمى، ئىناقلىق بايرىمى. بۇ بايرامنىڭ جەمئىيەتكە بولغان پايدىسى كۆپ. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە خەنزۇچە كىتابلاردا يېزىش ئۇسۇلى بىردەك بولماسلىقتەك مەسىلە مەۋجۇت. شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار ۋە تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى نوروز بايرىمى ئۆتكۈزگەچكە، ئۇلار ھەرقايسى تىللاردىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، ھەرخىل ئاھاڭ تەرجىمىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، 《诺茹孜、努鲁斯、纳乌茹孜、那吾如孜、奴如孜、奴鲁孜、诺肉孜、那吾鲁孜、纳吾热孜、挪吾柔孜、诺鲁孜》 قاتارلىقلار. «مىللەتلەر لۇغىتى» (501 - بەت، 1987 - يىلى نەشرى)دە: «نوروز بايرىمى قازاق مىللىتىنىڭ بايرىمىدۇر» دېيىلگەن؛ «شىنجاڭنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى» (55 - بەت، 1989 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابتا: «نوروز بايرىمى (奴鲁孜节) قىرغىز، قازاق، ئۇيغۇر، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايرىمى». «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» (388 - بەت، 1995 - يىلى نەشرى)دا: «نوروز بايرىمى... قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى بايرىمىدۇر» دېيىلگەن؛ «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىك لۇغىتى» (489 - بەت)دە: «نوروز بايرىمى (纳吾鲁孜节) يەنە ‹诺茹孜节、努吾若孜节、那吾鲁孜节›، قاتارلىق شەكىللەردىمۇ يېزىلىدۇ. بۇ بايرام ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان» دېيىلگەن؛ «غەربىي شىمال مىللەتلەر قامۇسى» (481 - بەت، 1998 - يىلى نەشرى)دا: «نەۋرۇز بايرىمى — قازاق مىللىتىنىڭ بايرىمىدۇر» دېيىلگەن. «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى» (غەربىي شىمال قىسمى، 1999 - يىلى نەشرى)دا: «ئۇيغۇر، قىرغىزلارنىڭ بۇ بايرىمى ‹诺肉孜节›، قازاقلارنىڭ بۇ بايرىمى ‹纳吾热孜节›، دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن؛ «ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتاب (99-بەت) تا: «نەۋرۇز بايرىمى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ بايرامغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ» دېيىلگەن؛ «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى» (2002 - يىللىق نەشرى)دە: «نوروز بايرىمى — قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى بايرىمىدۇر» دېيىلگەن.«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چوڭ بايراملىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش تەتقىقاتى» (2011 - يىلى نەشرى، 258 - بەت) ناملىق كىتابتا: «نوروز بايرىمى مەملىكىتىمىزدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايرىمى» دېيىلگەن.ئوخشاش بىر بايرامنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ھەرخىل ئوخشىمايدىغان تەبىرلەر كۆرۈلسە، ئېنىقلا كۈندىلىك ئالاقە ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە خاتالىق ياكى قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىشى مۇمكىن. بىزچە مۇناسىۋەتلىك مىللەتشۇناس، فولكلورشۇناس ۋە تىلشۇناسلار ئورتاق ھەمكارلىشىپ، كېڭىشىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان خەنزۇچىسىنىڭ ئىملا يېزىقىدا Noruz نىڭ تەرجىمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىلمىيلىكىگە پايدىسى تېگىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، نوروز بايرىمى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار ۋە تاجىك قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، كۆپلىگەن مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا بۇ بايرامنى دۆلەت ھالقىغان بايرام دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ نوروز بايرىمى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە ئىرانىي تىلدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايرىمىدۇر. گەرچە بۇ بايرام ئوتتۇرا ئاسىيادا دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئوخشىمىغان مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. شىنجاڭدىكى ئالاقىدار مىللەتلەر چوڭ جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا چوڭقۇر مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوخشىمىغان جايلاردا نوروز بايرىمى بەزى يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە. نوروز بايرىمى، قۇربان

ھېيت ۋە روزى ھېيت قاتارلىق ئىسلام دىنى بايراملىرى بىلەن شەكىل جەھەتتىن ئانچە پەرق قىلمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق بايرامنىڭ كونكرېت مۇراسىملىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدە پەرقلەر ساقلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈش تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق، دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل، تەسىرى چوڭقۇر، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىكى قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىجابىي رولىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى باشتىن - ئاياغ بىردەك بولمىغان؛ بەزى چاغلاردا ئاجايىپ قىزىغان بولسا، بەزى چاغلاردا ئادەتتىكىدەك ئۆتكۈزۈلگەن، يەنە بەزى چاغلاردا ئۆتكۈزۈلمىگەن. شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاش بولمىغان. ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، نورۇز تەتقىقاتى جەھەتتە ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماتېرىياللار ئېلان قىلىنىپ، كۆپلىگەن يازما ۋەسىقىلەر توپلاندى؛ شۇنداقلا ئامىمىنىمۇ توغرا يېتەكلەپ ماڭدى. بۇ جەھەتتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر قوشقان تۆھپە ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەمەس. نۆۋەتتە، بىز يەنىلا خەلق ئىچىدە نورۇز بايرىمىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈشنى، تەتقىقاتنى ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسنى تەييارلاشنى داۋاملىق كۈچەيتكەندە، ھەم تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىلمىي نەزەرىيە ئاساسىدا تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندىلا، مەدەنىيەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، مىللەتشۇناسلىق، فولكلورشۇناسلىق ۋە ئېستېتىكا جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ نورۇز بايرىمىنىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقىنى توغرا تونۇش ۋە چۈشىنىش، مەدەنىيەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە ئېستېتىكا جەھەتلەردە ئىجابىي رول ئويناپ، ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىي تۇرمۇشىمىزنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قىممەت قارىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ؛ ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت، مەدەنىيەت ئىدىيەسى ۋە ئېستېتىك ئادەتلىرىنىڭ ئالمىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقنى تېخىمۇ ياخشىلاشتىمۇ پائال رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىل تىندۇرمىلارنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ يۇمشاق كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ھەمدە پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى بېيىتىشقىمۇ پايدا يەتكۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

قوشۇمچە: نورۇز بايرىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات تىمىسى

1. «جۇڭگو ھېيت - بايراملار تەزكىرىسى. نورۇز بايرىمى»، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، 2008 — 2010 - يىللار. مەسئۇلى: ئۆمەر داۋۇت.

2. بۇ ماقالىنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تارىخى» تەھرىرات كومىتېتى باشقۇرۇشىدا 2014 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 — 24 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلۇپ، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرى توپلىمى» (《新疆民族史‹学术研讨会论文集›》) غا كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسىدىن مۇھەممەدئېلى ئەنۋەر تەرجىمە قىلغان. تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئاپتورنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى قىسمەن ئۆزگەرتىلدى ھەم مەزمۇنىغا قىسمەن تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، پىروفېسسور)

ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تامغا مەدەنىيىتىمىزگە دائىر بايانلار

تامغا ئىشلىتىش — ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئەزەلدىن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى خەت - چەكلەردە، جۈملىدىن پادىشاھ ۋە بەگلەرنىڭ تۈرلۈك ئەمىر - پەرمانلىرىدا، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان يازما ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلىپ، دۆلەت تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانۇنىي كاپالىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

**1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەن - تامغىلارغا دائىر مەلۇماتلار**

تامغا بىر خىل تەرەققىيات ۋە بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى. ئەگەر بىز ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تامغا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تامغىلىرىنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، تامغىلارنىڭ شەكلىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەمدە تامغا ھەققىدە توختىلىپ: «تامغا — خاقان ۋە باشقىلارنىڭ تامغىسى» (1 - توم 553 - بەت) دەپ يازغان. تامغا — بارلىق تامغىلارنىڭ، يەنى خان - پادىشاھلاردىن تارتىپ ئوردا - قەسىر ئەمەلدارلىرىنىڭ، بەگ - غوجاملاردىن تارتىپ كاتىپ - ھېساباتچىلارنىڭ، ئاقساقال - تۆرىلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارنىڭ تامغىسىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مۇر» دەپمۇ ئاتالغان («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 383 -، 393 - بەتلەر)، ئۇنىڭغا تامغا ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى ھەم مەرتىۋىسى قاتارلىقلار ئويۇلاتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شاھىدى - مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان تاش پۈتۈك يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇنقىسى[1] دېيىلىۋاتقان «تەس مەڭگۈ تېشى»

دىكى تامغا شەكىللىرى بىزنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. «مەزكۇر پۈتۈكنىڭ ئاپتورى ۋە قەھرىمانىنىڭ ئىسمى تۇپەش (تۇپەك؟) ئالىپ شول بولۇپ، ئىسمى يېنىغا ئىككى تامغا ئويۇلغان. تامغىلارنىڭ بىرىنىڭ تۈزۈلۈشى سېلىنگا تېشىنىڭ (شىنە ئۇسۇ تاش پۈتۈكىنىڭ) چوققىسىدىكى تامغىلارنىڭ بىرىگە، يەنى ئۇيغۇر خاقانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ( 747 — 759)نىڭ ئورۇق بەلگىسىگە ئوخشايدۇ»[2]. ئۇنىڭدىن باشقا «تېرگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ تاشپاقا شەكىللىك ئۇلىغا ۋە موغۇن شىنە ئۇسۇ (يادىكارلىقنى تاپقۇچىنىڭ ئىسمى) يادىكارلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ جەنۇبىي يېنىغا تامغا ئويۇلغان[3] بولۇپ، بۇ تامغىلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خان بارگاھلىرىدا يېزىق ۋە بەلگە (تامغا) چۈشۈرۈلگەن تاش پۈتۈك يادىكارلىقلىرى ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا، تامغا خانلىقنىڭ قانۇنىي شاھىدى سۈپىتىدە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، خانلىق مالىيە سودىسىنىڭ جان تومۇرى بولغان «قامدۇ» دەپ ئاتىلىدىغان لاتا پۇلغىمۇ تامغا بېسىلاتتى (1 - توم 546 - بەت). بىرەر كىشى قەبىلە باشلىقى بولسا، «قاغان تېگىشلىك مال - مۈلۈك بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا تامغا بېرەتتى»[4]، ئۇنىڭدىن باشقا چارۋا ماللارغىمۇ تامغا بېسىلغان بولۇپ، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىكى «بۇ تۈرك بودۇن ئارا يارىقلىغ ياغىغ يەلتۈرمىدىم، تۆگۈنلۈك ئاتىغ يۈگۈرتمىدىم. (تۈرك خەلقى ئىچىدە قوراللىق دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم، تامغىسى بار ئاتلارنىڭ مېڭىشىغا يول قويمىدىم[5]) دېگەن خاتىرىلەر يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر خاقانىنىڭ تامغىسىغا «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى[6]. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدىغان يازما ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ دەۋردىكى تامغا «ئالتۇن تامغا»، «كۈمۈش تامغا» قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن[7] بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىشلىتىلگەن تامغىلارنىڭ تۈرى تامغا ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك خاقانلار «ئالتۇن تامغا» ئىشلەتكەن بولسا، خاقاندىن تۆۋەن دەرىجىلىك ۋەزىر ۋە باشقا ئەمەلدارلار «كۈمۈش تامغا» ئىشلەتكەن. بۇ ئەھۋاللار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى — «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «بۇيانتۇ قاغان ھەدىيە قىلغان ئالتۇن تامغا بىلەن گاۋچاڭ ۋاڭ دېگەن نامنى ئېلىپ، بۇرۇنقى ئەجدادى بارچۇق ئارت تېگىنىدەكلا مەڭگۈگە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلاشتۇردى. ‹يېڭى بەرگەن گاۋچاڭ ۋاڭ ئالتۇن تامغىنى يات ئەللەرگە يوللايدىغان بۇيرۇقلارغا ئىشلىتىپ، يەنە بىر ئاۋۋالقى ئالتۇن تامغىنى بولسا ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئىشلەتكەن، دەپ يارلىق چۈشتى،[8] دەپ خاتىرىلەنگەن. 217 — 218 - قۇرلىرىدىكى «بارلىق پەسكەشلىك ۋە قالايمىقان ئىشلارنى تىنچىتىپ دۇنيانى باشقۇرىدىغان باۋ (گۆھەر) تامغىلارنى تۇتۇپ تۇرغاندا»[9] دېگەن سۆزلەردە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا تامغىنىڭ ئەمر - پەرمانلارنىڭ قانۇنىي كاپالىتىدە ئوينىغان رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ دەۋردىكى مىڭئۆي بېزەكلىك بۇددا غارلىرىدىن تېپىلغان ئوت - سامان بېرىش مەزمۇنىدىكى مەمۇرىي ھۆججەتلەرگە، مىڭئۆي بېزەكلىك بۇددا غارلىرى تەشكىلاتىنىڭ ئوت - سامان ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىرىنىڭ تامغىسىنىڭ بېسىلغانلىقى[10] ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر»گە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تامغىسى (نىشان) نىڭ بېسىلغانلىقى[11]، تامغىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا مەدەنىيىتى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تامغا مەدەنىيىتى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. چۈنكى، «قاراخانىيلار ھەربىي، مەمۇرىي

ۋە دىنىي ئىشلارنى بېجىرىشتە تامغا بېسىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلاتتى»[11]. «شۇنداقلا قاراخانىيلار-نىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەمرلىرى، بۇيرۇق ۋە پەرمانلىرى «يارلىق» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يارلىقلار بىلەن خەتلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمدارلارنىڭ «تامغىسى» بىلەن مۆھۈرلىنەتتى»[12]. شۇڭا، ئۇلۇغ مۇتەپەك-كۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈن تۇغدى ئېلىكنىڭ زاھىد ئودغۇرمىشقا خەت ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە: «تورۇپ خەتنى مۆھۈرلەپ ئۇ خان، سۇنۇپ بەردى. ئۆگدۈلمىش ئالدى شۇئان»[13] ۋە «قولىغا ئالدى ئۇ خەت-نى تامغىلاپ، سۇنۇپ بەردى ئۆگدۈلمىش ئالدى ئۇلاپ»[14] دەپ يېزىپ، بۇ خەتلەرگە ئاۋۋال تامغا بېسىلغاندى-لىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۆگەپ باغلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئوخشاش ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسى بېرىلگەن كىشى-لەرگە مال - مۈلۈكلەر بېرىلگەندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى «تامغا» بېرىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىك ئايتولدىغا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەندە: «ۋەزىرلىك ئۇنۋانى ۋە تامغا ئاڭا - تۇغ، ناغرا ھەم ساۋۇت بەردى يانا»[15] دېگەن سۆزلىرى ھەم ئايتولدى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەندە: «بېرىپ تامغا، ئۇنۋان، قوشۇن، ئات ۋە تون، تولا ياخشى كۆردى. بەخت بولدى پۈتۈن»[16] دېگەن سۆزلىرى يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

قاراخانىيلاردا يەنە پادىشاھلارغا خاس يېمەك - ئىچمەكلەرگىمۇ تامغا بېسىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «تامغالىق» دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندا، «بىر كىشىلىك يېمەك، ئەسلىي تامغىلىق بولۇپ، تامغا ئۇرۇل-غان، دېگەنلىك بولىدۇ، خاقانلار ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىگە مەخسۇس تەييارلانغان يېمەكلىكلىرىنى تام-غىلىتاتتى. بۇلاردا بىر كىشىگە يەتكۇدەك يېمەك - ئىچمەك بولاتتى. خاقاندىن باشقا كىشى ئىشلەتمەيدۇ، دەپ ئۈستىگە تامغا ئۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «تامغالىق» سۆزى ھەر بىر كىچىك ئىۋرىق ۋە يېمەكنىڭ نامى بولۇپ قالغان»[17] دەپ كۆرسەتسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىچىملىك باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «كۆرۈپ مەينى قولىلە ياسىسۇن ئۆزى، بېسىپ تامغا تۇتسۇن ساقلى-سۇن ئۆزى»[18] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر ئىشنى ئەستايىدىل ۋە ئەت-راپلىق ئويلاپ قىلىدىغان «قاراخانىيلار مۇشۇنداق قىلىش بىلەن خاقانلارنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا قارشى تەدبىر قوللانغانىدى»[19].

قاراخانىيلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئات، چارۋا ماللارغا تامغا بېسىش ئەنئەنىسىنىمۇ ساقلاپ قالغان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ئوغۇز تۈركلىرى ھەققىدە توختالغاندا: «ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم - ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللارغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ ھەمدە قىنىق، قايىغ، بايۇندۇر، ئىۋا، سالغۇر، ئافشار، بەكتىلى، يوگدۇر، بايات، يازغىر، ئەيمۇ، قارا بۆلۈك، ئالقا بۆلۈك، ئىگدىز، ئۈرەگىر، تۇتىرقا، ئۇلايۇندلۇغ، تۆگەر، پەچەنەك، چۇۋۇلدار، چەبنى قاتارلىق يىگىرمە بىر ئۇرۇق (يىگىرمە ئىككىنچىسى چارۇقلۇغ بولۇپ، بۇلارنىڭ تامغىسىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان) چارۋا ماللىرىغا باسىدىغان تامغا شەكىللىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىدۇ (1 - توم 77 - بەت).

مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئوغۇز» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا ئوغۇزلارنىڭ ئۇرۇقىنى ۋە ئۇلارنىڭ چارۋا ماللىرىغا باسىدىغان ئەن - تامغىلىرىنى مۇنداق تەرتىپ بىلەن كۆرسەتكەن:

بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قِنِقْ *kinik* — قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئىككىنچىسى: قَيِغْ *kayiq* — قايىغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ١٧١

ئۈچىنچىسى: بايُندُرْ bayundur — بايۇندۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
تۆتىنچىسى: اِڤا īva — ئىۋا. ئۇلار «yiva — يىۋا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
بەشىنچىسى: سَلْغُرْ salqur — سالغۇز. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئالتىنچىسى: اَفْشارْ avxar — ئاپشار. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
يەتتىنچىسى: بَكْتِلِي bəktili — بەكتىلى. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
سەككىزىنچىسى: بُكْدُزْ būgdüz — بوگدۇز. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
توققۇزىنچىسى: بَيَاتْ bayat — بايات. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئونىنچىسى: يَزْغِرْ yazqīr — يازغىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون بىرىنچىسى: اَيْمُرْ əymür — ئەيمۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون ئىككىنچىسى: قَـرا بُلُـكْ kara bəlük — قارا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون ئۈچىنچىسى: اَلْقَـا بُلُـكْ alka bəlük — ئالقا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون تۆتىنچىسى: اِكْدِرْ igdir — ئىگدىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون بەشىنچىسى: اُرَكِرْ ürəgir — ئۈرەگىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون ئالتىنچىسى: تُوتِرْقا tutirka — تۇتىرقا. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون يەتتىنچىسى: اُولايُنْـدْلُغْ ulayundluq — ئۇلايۇندلۇغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون سەككىزىنچىسى: تُـوكَرْ tügər — تۈگەر. بۇ سۆز بەزىدە «و ـ ۋاۋ» ھەرپى تاشلىنىپ قالدىغان شەكلىمۇ بار. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون توققۇزىنچىسى: بَجَنَكْ pəqənək — پەچەنەك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
يىگىرمىنچىسى: جُوُلْدَرْ quwuldar — چۇۋۇلدار. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
يىگىرمە بىرىنچىسى: جَبْنِي qəbni — چەبنى. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
يىگىرمە ئىككىنچىسى: جَرُقْلُغْ qarukluq — چارۇقلۇغ. بۇلارنىڭ سانى ئاز، تامغىسى نامەلۇم (1ـ توم 78 ـ، 80 ـ بەتلەر)

مەشھۇر تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» (35 — 36 ـ بەتلەر) ناملىق ئەسەرىدە: «ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئىسمى كۈنخان، ئىككىنچىسى ئايخان، ئۈچىنچىسى يۇلتۇزخان، تۆتىنچىسى كۆكخان، بەشىنچىسى تاغخان، ئالتىنچىسى دېڭىزخان. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ دانىشمەن خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان تۆت ئوغلى بار ئىدى... تۈركمەنلەر ئىچىدىكى تارىختىن خەۋىرى بار بىلىملىك زاتلار ئوغۇزخاننىڭ 12 ئوغلىغا تارقالغان 24 نەۋرىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى، تامغىسىنىڭ شەكلى ۋە چوقۇنىدىغان قۇشىنىڭ نامىنى بىلىدۇ» دېگەن ھەمدە ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ مۇنداق كۆرسەتكەن:

(1) قاي — «مۇستەھكەم» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: شۇڭقار.
(2) bajat — «دۆلەتمەن» دېگەن مەنىدە.، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: ئۈكى.
(3) ئالقائەۋلۇ، «مۇۋاپىق» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: كەكلىك.
(4) قارا ئەۋلۇ — «قەيەردە ئولتۇرسا چېدىر تىكىپ ئولتۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە. تامغىسى قامچىغا ئوخشايدۇ. چوقۇنىدىغان قۇشى: ئاق شۇڭقار.
(5) يازىر — «ئەل ئالغىسى» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: تۇرۇمتاي.
(6)ياسىر — «غالىبىيەتچى» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: قورغۇي.
(7) دۇردۇغا — «يۇرتنى ئالماق» ۋە «ساقلىماقنى بىلگۈچى» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان

قۇشى: قىزىل قارچىغا.

(8) دوكە — «تۆڭگىلەك»، يەنى «توپلانغان» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: تازقارا.

(9) ئۆشار — «ئىشنى ئىلدام قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: قارا لاچىن.

(10) قارناق — «بۆكە» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: سارىچى (سۆڭگۈچ).

(11) بېكتىلى — «سۆزى ھۆرمەتلىك» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: bahri.

(12) قارقىت — «رىزقىلىق» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: سۇ بۈركۈتى.

(13) بايانداۇر — «نېمەتلىك» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: لاچىن.

(14) پەچەنە — «سەئى قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: alɛ tuʁanaq.

(15) چاۋۇلدۇر — «نومۇسلۇق» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: ئاققۇ (bukdajiq).

(16) چەبىنىنىڭ — «باھادىر» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: خۇما (huma).

(17) سالۇر — «قىلچىلىق» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: بۈركۈت.

(18) ئەمار — «بايلارنىڭ بېيى» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: ɛnt ari.

(19) ئالايىتىل — «تاغىل ئاتلىق» دېگەن مەنىدە، تامغىسى بۆشۈككە ئوخشايدۇ. چوقۇنىدىغان قۇشى: تۇرۇمتاي.

(20) ئۈرگىر — «ساخاۋەتچى» دېگەن مەنىدە. تامغىسى چوقۇنىدىغان قۇشى: بىقۇ/مىقۇ (biqu/miqu).

(21) ئىگدىر — «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە. تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: qart iʁaj.

(22) بۈكدىز — «خىزمەتكار» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: it alku (ئىتالغۇ).

(23) ئاۋە — «يۇقىرى مەرتىۋىلىك» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: tujʁun (تايغان).

(24) قىنىق — «ئەزىز» دېگەن مەنىدە، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى: dəira qart ikaj (قاراچىغا) («شەجەرەئى تۈرك» 35 - 36 - بەتلەر).

مەھمۇد كاشغەري مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ نامىلىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر. بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغ ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ» (1 - توم 80 - بەت).

ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نورغۇنلىغان قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر ئارىسىدا، مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى مەسىلىسى ئاساسلىقى ئوتلاق، چارۋا مال ۋە قۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تامغا (چارۋاماللارغا بېسىلىدىغان ئەن - تامغا) چارۋا ماللارغا بېسىلغان ئاددىي بەلگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چارۋا مالغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ھوقۇقنىڭ سىمۋولى، ئۇرۇق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. سەيخۇڭشېڭ ئەپەندى «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى توققۇز ئوغۇزلار ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە «ۋېينامە. قوچو تەزكىرىسى»دىكى خاتىرىنى نەقىل ئېلىپ مۇنداق دېگەن: « 5 - ئەسىردىكى قاڭقىللارنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ ئەن - تامغىسى بار، پايانسىز دالىلاردا ئوتلاپ يۈرسىمۇ، ھېچكىم ھەيدەپ كەتمەيدۇ»[4].

«ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «مەيلى خان - پادىشاھلار ياكى باشقا كىشىلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ كالا، ئات، تۆگە ۋە ياكى باشقا چوڭ چارۋىلىرى بار، چارۋىلارغا ئەن سېلىپ قويغاندىن كېيىن، دالىلاردا ئوتلاشقا قويۇۋېتىدۇ. قاراشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر نەچچە كىشىنىڭ چارۋىسى ئارىلىشىپ ئوتلايدۇ. ئېنىگە قاراپ تونۇغىلى بولىدۇ، يايلاپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسىنىڭ قوتىنىغا كىرىدۇ (1 - توم 284 - بەت). يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن ئايانكى، بىرىنچى، ئەن - تامغا ئەڭ باشتا ئو-

رۇقلارغىلا خاس بولۇپ، چارۋا ماللارغا ئۇرۇق ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ بەلگىسى بولغان، كې-
يىن جەمەت ھەتتا ئائىلىلەرمۇ پەيدىنپەي ئەن ـ تامغا ئىشلىتىدىغان بولغان. بۇ چارۋا ماللارغا ئىگىدار-
چىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئۇرۇق ئىگىدارچىلىقىدىن خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىققا ئۆتۈشكە باشلىغانلى-
قىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىككىنچى، مەيلى ئومۇم ئىگىدارچىلىقى ياكى خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقى بول-
سۇن، ئەن ـ تامغا ياكى چارۋا مالغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قاتتىق قوغدالغان،
ئۇنداق بولمىسا «چارۋا ماللارنىڭ يايلاپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسىنىڭ قوتىنىغا كىرىشى» مۇمكىن بول-
مايتتى. سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق يازما ھۆججەتلەردىكى تۈركىي
تىللىق مىللەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا دائىر خاتىرىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ قانۇننىڭ چاۋا
ماللارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قوغداش دەرىجىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگىدۇ. سەي
خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ يەكۈنىگە ئاساسلانغاندا، جىنايەت دۆلەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى (ئاسىيلىق
جىنايىتى)، مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى، مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايە-
تى، جىسمانىي بىخەتەرلىككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قاتارلىق تۆت خىلغا ئايرىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى
مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى يۇگەن، ئات ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوغرىلاشنى كۆرسەت-
كەن. جىنايى جازامۇ ئۆلۈم جازاسى، تەن جازاسى، جەرىمانە ۋە تۆلەم تۆلىتىش، ئېغىر ئەمگەككە سېلىش،
سۈرگۈن قىلىش جازاسىدىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلار
ئاساسلىقى: ئاسىيلار، زىناخورلار، يۇگەن ئوغرىلىغۇچىلار بولغان، ئۆلۈم جازاسى بېلىنى سۇندۇرۇش،
كاللىسىنى ئېلىش، تىرىك كۆمۈشتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلغان، تۆلەم بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىقى
مال ـ مۈلۈك، ئات، قىز ـ ئاياللار بار بولغان[⑨].

يۇقىرىقى جىنايەتنى بېكىتىش تۈرگە ئايرىش ۋە جازالاش شەكلىدىن قارىغاندا، چارۋا مالغا ئىگىدار-
چىلىق قىلىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن خېلى قاتتىق قوغدالغان. چارۋا مالغا ئىگىدارچىلىق قىلىش
ھوقۇقى ئاساسلىقى «ئات»قا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئاتقا دەخلى ـ تە-
رۇز قىلىشقا بولمايدۇ. تۆلەم بۇيۇملىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئورنى ھەتتا قىز ـ ئاياللارنىڭ ئورنىدىنمۇ يۇقى-
رى بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، «ئات» كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ھايات كەچۈرۈشتە تايىنىدىغان ئا-
ساسىي ئوزۇق، قاتناش قورالى، ھەربىي قورال ـ ياراغ ۋە مۇھىم نەزىر ـ چىراغ بۇيۇمى بولۇپلا قالماس-
تىن، بەلكى ماددىي بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى ھەم دىپلوماتىيەدە پايدا ـ مەنپە-
ئەتكە ئېرىشىشتىكى مۇھىم ھەدىيە بۇيۇمى ۋە ئاساسلىق تارتۇق ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئات تەييارلاپ ھەربىي يۈرۈشكە چىقىشتىن ئىبارەت پۇقرالىق مەجبۇرى-
يىتى بار ئىدى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەن ـ تامغا قانۇنىي كۈچكە ئىگە چارۋا مالغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى-
نىڭ مۇھىم بەلگىسى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە بۇ خانلىق قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا
ئۇيغۇر (تۈركىي) قەبىلىلىرى ئىچىدە بەلگە ـ تامغا ئىشلىتىش جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خې-
لى ئومۇملاشقان ۋە قېلىپلاشقان بولسىمۇ، بىراق كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەجداد ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن بەلگە ـ تامغا ئىشلىتىش ئادىتىمىز سۇسلاش-
قان. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تامغا مەدەنىيىتىمىزگە ئائىت ماتېرىياللار ئاساسەن يوقالغان ياكى ناھايىتى
ئاز ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قولىمىزدىكى ئاشۇ ئازغىنا پاكىتلىق ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلەپ
تەھلىل قىلغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تامغىلارنى تامغا ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە

تامغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، «تۇغراغ» (ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللاردىكى «ئالتۇن تامغا» بىلەن باراۋەر). بۇنىڭ مەنىسى «خاقانىنىڭ مۆھۈرى (تامغىسى)، خان يارلىقى» (1 ـ توم 78 ـ بەت) دېگەندىن ئىبارەت. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «تۇغراغ» («ئالتۇن تامغا») خاقانلار ئىشلىتىدىغان تامغا بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خەت ـ چەكلەر، خاقانىنىڭ شەخسىي مەكتۇبلىرى ھەم خاس نەرسىلىرى (تامغالىق)، شۇنىڭدەك تۈرلۈك ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بېسىلىپ، بىر خىل ئىشەنچلىك قانۇنىي ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

ئىككىنچى، «تامغا» (ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللاردىكى «كۈمۈش تامغا» بىلەن باراۋەر). بۇنى خاقاندىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك ۋەزىرلەر ۋە ئەمەلدارلار ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرمانلىرى «بۇيرۇق» دەپ ئاتىلاتتى[*]. بۇ خىل تامغىنى ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار ئۆزلىرىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرگە يازما «بۇيرۇق» بەرگەندە ھەم ئىشلىگەن خىزمىتىدىن خاقانغا ۋە باشقا ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ماتېرىيال يوللىغاندا، جۈملىدىن، ئۆز دائىرىسىدىكى كىرىم ـ چىقىم، شەخسىي خەت ـ ئالاقە قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھۆججەتلەرنى پۈتكەندە ئىشلەتكەن.

ئۈچىنچى، «مۆھۈر». بۇ ھوقۇقى زور بولغان قازىلار ئىشلىتىدىغان بىر خىل تامغا[*]. بۇنى دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك قازى، مۇپتى ۋە ئەلەمئاخۇنلار شەرىئەت خىزمىتىگە ئائىت ئەمر ـ پەرمان، خەت ـ ئالاقە ۋە باشقا خەت ـ چەكلەرگە ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ شەرىئەت مەھكىمىسى خىزمىتىنىڭ قانۇنىي كاپالىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

تۆتىنچى، «نىشان»، بۇنىڭ مەنىسى «تامغا، ئىمزا، بەلگە»[*] دېگەندىن ئىبارەت. بۇنى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاۋام خەلق ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنىي كاپالىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن: تۇرپاندىن تېپىلغان «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر»گە، جۈملىدىن «كۈنجۈت قەرز ئېلىش ھۆججىتى»، «يەر ئىجارە ئېلىش ھۆججىتى» ۋە «ئۈزۈم قەرز ئېلىش ھۆججىتى» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك خەت ـ چەكلەرگە ھۆججەت بەرگۈچىلەر ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ «نىشان»ى بېسىلغان[*].

بەشىنچى، «تۆكۈن» (مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە «تۆگۈن»)، بۇنىڭ مەنىسى «داغ» دېگەندىن ئىبارەت. «داغ — ئات ۋە باشقا ماللارغا باسىدىغان تامغا» (3 ـ توم 209 ـ بەت) بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە چارۋا ماللارغا، جۈملىدىن ئاتلارغا «تۆكۈن» بېسىلاتتى. «تارىختا بۇنداق ئاتلار ‹ئىنال ئات› دېيىلەتتى»[*].

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، تارىم ـ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدە، تۇرپان ئويمانلىقى ۋادىسىدا، قۇمۇل تاغلىق رايونلىرىدا ئەجداد ـ ئەۋلاد كونا ئەنئەنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئەن ـ تامغا ئىشلىتىش ئادىتى ساقلىنىپ قالغان. ھەتتاكى قىرىق يېرى، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئالغان (سۈرىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن) ۋە مەشھۇر تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك»تە تىلغا ئالغان (ئەن ـ تامغىلارنىڭ سۈرىتى كۆرسىتىلگەن) خېلى نۇرغۇن ئەن ـ تامغا شەكىللىرى بەزى جايلاردا ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەن.

مەسىلەن، يېقىندا «ئۇيغۇر خوجىلار جەمەتى ھەققىدە تەتقىقات» تېما گۇرۇپپىسى قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىنى تەكشۈرگەندە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «شەجەرەئى تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن 16 خىل تامغىلارنىڭ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئارىسىدا بۇرۇن ئىشلىتىلگەنلىكى ياكى ھېلىمۇ ئىشلىتىلىۋاتـ

قانلىقىنى بايقىغان. بۇنىڭدىن بىر مىسال ئالساق، مەھمۇد كاشغەرىي بىرىنچى ئورۇنغا تىزغان ھەمدە رەھبىرىي ئورۇق ياكى سۇلتان ئورۇق دەپ ئىزاھلىغان «qiniq» قىنىق ئورۇقىنىڭ تامغىسى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك»تە چۈشەندۈرۈشچە(36 ـ بەتتە)، qiniq «يۇقىرى مەرتىۋىلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. مەزكۇر تامغىنى قومۇل شەھىرىنىڭ قوراي يېزىسىنىڭ تۆمبىرتى، نېرناسى كەنتى ۋە ئاقتاش يېزىسىنىڭ توشۇ كەنتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر دەپ ئاتىلىدىغان جەمەت ھەمدە شارلار تېغىنىڭ قارلۇق كەنتىدىكى ئۆمەر ئابدۇرېھىم جەمەتى «qiniq — تامغا، qijiq تامغا» (رەھبىرىي ئورۇق ياكى سۇلتان ئورۇق، يۇقىرى مەرتىۋىلىك) دېگەن مەنىدە ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋېتىپتۇ[8]. دېمەك، بۇنى قاراخانىيلار زامانىدىن قالغان ئەن ـ تامغا ئىشلىتىش ئادىتىمىزنىڭ داۋامى دەپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز «مەڭگۈ تاشلار»دىكى تامغىلارغا ئاساسەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەن ـ تامغا مەدەنىيىتىمىز، «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «شەجەرەئى تۈرك»تىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەن ـ تامغا مەدەنىيىتىمىز، «تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەن ـ تامغا («نىشان») مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە يېتەرلىك توختالدۇق.

ئەمدى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەن ـ تامغا مەدەنىيىتىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئالاقىدار ئارخېيولوگىيەلىك ئۇچۇرلار ھەققىدە توختىلىمىز.

**2. قەدىمكى ئەن ـ تامغىلارغا دائىر ئارخېئولوگىيەلىك ئۇچۇرلار**

بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقىدەك تەپسىلىي مەلۇماتى ۋە يانداشما ماتېرىياللاردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تامغا ئىشلىتىش تارىخى مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان 11 ـ ئەسىردىن كەم دېگەندىمۇ مىڭ يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ئىگە. بۇنى يېقىنقى يىللاردا دىيارىمىز ئارخېئولوگىيەسىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1986 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار تۇرپان ناھىيەسىنىڭ سىڭگىم، مۇرتۇق غوللىرى بىلەن پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق، لەمجىن غوللىرى، سۇ بېشى، چوڭ قىر، يانقىر قاتارلىق جايلىرىغا ئورۇنلاشقان قەدىمكى ئىزلار، قەدىمكى قەبرىستانلىق، قىيا تاش رەسىملىرى ۋە تاش ئويما قاتارلىق ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرىنى قايتىدىن نۇقتىلىق تەكشۈرگەنىدى. بۇ جەرياندا تۇرپان ۋادىسىدا ئىلگىرى بايقالمىغان، تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىدا يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر قانچە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئېنىقلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پىچان ناھىيەسىنىڭ لەمجىن غولىدىن تېپىلغان قەدىمكى بەلگە، تامغا ۋە قەدىمكى يېزىق ھەرپلىرىگە ئوخشايدىغان ھەر خىل شەكىللەر ئويۇلغان يوغان تاش ئالاھىدە بولۇپ (كىشىلەر بۇ تاشنى «تامغىلىق تاش» دەپ ئاتايدۇ)، تۆۋەندە بۇ تاشنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

**1. قەدىمكى بەلگە، تامغا ۋە ھەر خىل شەكىللەر ئويۇلغان يوغان تاش.**

پىچان ناھىيەسىنىڭ لەمجىن بازىرى (لەمجىن غولى) دىن لۈكچۈنگە بارىدىغان تاشيولنى بويلاپ ماڭغاندا، لەمجىن غولى بىلەن سىركىپ ئېغىزى ئارىلىقىغا جايلاشقان ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تەخمىنەن 500 مېتىر جەنۇبىدىكى تاغ باغرىدا ئويىمى 2.70 × 20.3 × 3.5 مېتىر كېلىدىغان يوغان بىر قورام تاش بار. تاشنىڭ بىر قەدەر تەكشى يۈزى غەربكە قارىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 100 دىن ئاشىدىغان قەدىمكى بەلگە، تامغىلار ۋە قەدىمكى يېزىق، ھەرپلىرىگە ئوخشايدىغان ھەرخىل شەكىللەر ئويۇلغان[9]. لەمجىن غولىدىكى بۇ تاش ئويما ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، يۈزىگە ئويۇلغان بەلگە، تامغا، شەكىللەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە خىلمۇخىللىقى بىلەن دىيارىمىز تامغا مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مۇھىم ماددىي

ئىسپات بولالايدۇ.

لەمجىن غۇلىدىكى بۇ تاش ئويما ئۈزىنىڭ قەدىمىيلىكى، يۈزىگە ئويۇلغان قەدىمكى بەلگە، تامغا، شەكىللەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە خىلمۇخىللىقى بىلەن تۇرپان ۋادىسىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان ئارخېئولوگىيەسى، قەدىمكى بەلگە، تامغا، شەكىل ۋە يېزىق ھەرپلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، يېزىقشۇناسلىق، ئېتنولوگىيە، جۈملىدىن بۇ خىل تارىخىي مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلارنىڭ ياشىغان يەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لەمجىن غۇلىدىكى تاشقا ئويۇلغان قەدىمكى بەلگە، تامغىلارنىڭ دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى تامغا، بەلگىلەر بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ۋە ئوخشاشلىقى ھەققىدە ئارخېئولوگلار: «لەمجىن غۇلىدىن تېپىلغان تاش ئويمىدىكى بەزى بەلگە، تامغا، شەكىللەرنى تەكرار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بەزى بەلگە، تامغىلارنىڭ باشقا جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى بەلگە، تامغا ۋە قەدىمكى يېزىق ھەرپلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىدۇق.»[9] دەپ يازغان.

لەمجىن غۇلىدىن تېپىلغان بۇ تاش ئويمىدىكى بەزى بەلگە، تامغا، شەكىللەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش دەۋرى، باشقا قەدىمكى يېزىق ـ ھەرپلەر بىلەن بولغان ئوخشاشلىقى، تارىخىي باغلىنىشى... قاتارلىق بىرمۇنچە مەسىلىلەردە ھازىرچە ئاخىرقى خۇلاسە چىقىرىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات، قەدىمكى يېزىقشۇناسلىق، سېلىشتۇرما تەتقىقات قاتارلىق ساھەلەردە بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە، جۈملىدىن ماددىي پاكىتلىق رولغا ئىگە دەپ ئېيتالايمىز. تۆۋەندە تاش ئويمىدىكى بەلگە، تامغىلار بىلەن ئوخشايدىغان دىيارىمىزدىكى باشقا جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى بەلگە، تامغىلارنى تونۇشتۇرىمىز.

1) 1984 ـ يىلى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى مۆلجەر دەرياسى بويىدىن قىيا تاشلارغا چېكىپ ـ ئويۇلغان ھەرخىل مەزمۇندىكى رەسىملەر تېپىلغانىدى (قىيا تاش رەسىملىرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 5000 ـ 3000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق). رەسىملەر ئويۇلغان بەزى قىيا تاشلارنىڭ يۈزىگە ھەر خىل بەلگە، تامغىلارمۇ بىللە ئويۇلغان بولۇپ، ئۇ بەلگىلەرنىڭ بەزىلىرى لەمجىندىكى تاشقا ئويۇلغان بەلگە، تامغىلارغا ئوخشايدۇ.

2) 1985 ـ يىلى توقسۇن ناھىيەسىنىڭ كۆجاي يېزىسى پەنجىرتاغ جىلغىسىدىن قىيا تاشلارغا ئويۇلغان نەچچە يۈز پارچە ھەرخىل مەزمۇندىكى رەسىملەر تېپىلدى (قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق). پەنجىرتاغ جىلغىسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ لەمجىن غۇلىدىن تېپىلغان تاش ئويمىدىكى بەلگە، تامغىلارغا ئوخشايدىغانلىرى بار[10].

3) ئارخېئولوگلار يەنە دىيارىمىزدىكى لەمجىن غۇلى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان بەلگە، ئەن ـ تامغا، يېزىقلارنى ئورخۇن ـ يېنسەي يادىكارلىقلىرىغا بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «لەمجىن غۇلىدىن تېپىلغان تاشقا ئويۇلغان بەزى بەلگە، تامغىلار ئورخۇن ـ يېنسەي دەريالىرى ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ» [11] دەپ يازغان.

4) ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ توم 77 ـ بېتىدە ئوغۇز دېگەن ئاتالغۇغا بەرگەن تەبىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇز — تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار 22 ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ». مەھمۇد كاشغەرىي ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ 22 ئۇ-

رۇقىنىڭ بەلگە، تامغىلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ئارخېئولوگ ئابدۇقېيىيۇم خوجا بۇ ھەقتە توختىلىپ، مەن لەمجىن غولىدىن تېپىلغان تاشقا ئويۇلغان بەلگە، تامغىلارنى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ بەلگە، تامغىلىرىغا تەكرار سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. نەتىجىدە ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بەلگە، تامغىلىرى لەمجىن غولىدىن تېپىلغان تاش ئويمىدىكى بىر قىسىم بەلگە، تامغىلارغا ئوخشايدىغانلىقى (بەزىلىرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاپ قالىدىغانلىقى) مەلۇم بولدى» دەپ يازىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئورۇنلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەھمۇد ئېيتىدۇكى، كىشىلەر بۇ قەبىلىنىڭ ئورۇقلىرىنى بىلىشكە موھتاج بولغاچقا، مەن ئۇلارنى بىرمۇبىر يېزىپ چىقتىم. بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغ ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ».

ئوغۇزلارنىڭ تۆپ ئورۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن بەلگە - تامغىلىرى توغرىسىدىكى ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي 11 - ئەسىردە يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىنغىنىغا قاراپلا، ئۇ بەلگە - تامغىلارنى 10 -، 11 - ئەسىرنىڭ مەھسۇلى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئوغۇز ئورۇقلىرىنىڭ ئۇ خىل بەلگە - تامغىلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنغان، ئەڭ بالدۇر ئىشلىتىلگەن دەۋرىنى خېلى قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئالاھىدە قىلىپ: «بۇ ئېيتىلغان ئورۇقلارنىڭ نامىلىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر» دەپ ئەسكەرتكەن. ئابدۇقېيىيۇم خوجا ئەپەندى ماقالىسىدە لەمجىن غولىدىن بايقالغان بەلگە - تامغىلارنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئوغۇز ئورۇقلىرىنىڭ تامغىسى بىلەن ئوغۇز قەبىلە - ئورۇقلىرىنىڭ نامىنى، لەمجىندىن بايقالغان بەلگە - تامغىلار بىلەن مۆلجەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىن بايقالغان بەلگە - تامغىلارنى ۋە پەنجىرتاغ قىيا تاش رەسىملىرى ئارىسىدىن بايقالغان بەلگە - تامغىلارنى جەدۋەللەشتۈرۈپ، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر خىل تارىخىي ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىغان[9].

ئارخېئولوگلار يەنە پىچان لەمجىندىكى بەلگە - تامغىلار ئويۇلغان يوغان تاش، مۆلجەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى، پەنجىرتاغدىكى قىيا تاش رەسىملىرى قاتارلىق قەدىمكى يادىكارلىقلاردا بايقالغان بەلگە - تامغىلارنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرسىتىلگەن ئوغۇز ئورۇقلىرىنىڭ تامغىلىرى، ئوغۇز قەبىلە - ئورۇقلىرىنىڭ نامىغا سېلىشتۇرۇپ ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقنى بايقاپلا قالماي، بەلكى تۇرپان ۋادىسى تەۋەسىدىكى 3000 يىللار ئالدى - كەينىگە خاس قىزىلقۇم قەدىمكى ئىزى، ئاقتېرەك قەدىمكى ئىزى، دىغار قەدىمكى ئىزى، سۇ بېشى قەدىمكى ئىزى، سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ياتقىر (ياڭخې) قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مول ۋە رەڭگارەڭ يادىكارلىقلار (قەدىمكى بەلگە - تامغا يادىكارلىقلىرى) نى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىپ: «نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تۇرپان ۋادىسى (پىچان، تۇرپان، توقسۇن ناھىيەلىرى تەۋەسى)دا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىش، قېزىش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى قەدىمدىن تارتىپ تۇرپان ۋادىسىدا ياشاپ ئاۋۇغان ئەجدادلار ياراتقان خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، جۈملىدىن ئۇ خىل قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشنا رايونلاردىن ئېنىقلانغان مەدەنىيەت (ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت) بىلەنمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى»[10] دەپ يازغان. مەسىلەن: سۇ بېشى 1 - نومۇرلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقنى مىسال ئالساق، بۇ قەبرىستانلىق پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسى سۇ بېشى مەھەللىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ دائىرىدە بىرقانچە قەبرىستانلىق تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە پەرقلەندۈرۈپ «سۇ بېشى 1 - نومۇرلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇ بېشى جىلغىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تەكشى تۆپىلىك-

كە جايلاشقان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ 750 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

1992 - يىلى 3 -، 4 - ئايلاردا بۇ قەبرىستانلىقتا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. قېزىلغان قەبرىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تىك ئازگال شەكىللىك ۋە تىك ئازگاللىق يان لەھەتلىك قەبرىلەر بولۇپ، ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن: يارغۇنچاق، سىلىق بىلەي تاش قاتارلىق تاش قوراللار؛ لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قىزىل ساپال قاچا، رەڭلىك ساپال كومزەك (تەكتىگە قىزىل رەڭ بېرىلىپ، ئۈستىگە قارا رەڭدە تەتۈر ئۈچ بۇلۇڭ، قىيپاش كىرىست شەكىللىك تورسىمان گۈل ئۆرنەكلىرى چۈشۈرۈلگەن)، ساپال جام، بىر قۇلاقلىق كومزەك قاتارلىقلار؛ مىس ھالقا، تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ئىلمەك، يا ئوقىنىڭ ئۈچ قىرلىق تۆمۈر باشىقى، ئېگەر - جابدۇق بېزەكلىرى، يۈگەن، ئېغىزدۇرۇق قاتارلىقلار؛ سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ھەرخىل يۇڭ توقۇلمىلاردىن تەكىلگەن يۇڭ ئىشتان، يۇڭ يوپكا قاتارلىق كىيىملەر، جۇۋا، ئۇزۇن ۋە كالتە قونچلۇق ئۆتۈك، كىگىزدىن ئىشلەنگەن ئالاھىدە ئۇچلۇق ئېگىز قالپاق، كىرىچ، ئوقيا قاتارلىق ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان.

سۇ بېشى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى C14 (كاربون14) ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا: تىك ئازگال شەكىللىك قەبرىلەرنىڭ دەۋرى 75 ± 3145 يىل ۋە 145 ± 3335 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە، يان تىك ئازگاللىق يان لەھەتلىك قەبرىلەرنىڭ دەۋرى 70 ± 2225 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ قەبرىستانلىقتا مېيىت دەپنە قىلىش ئىشلىرى مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ[㉕].

دېمەك، بۇ قەدىمكى رەڭگارەڭ، ئېسىل يادىكارلىقلار بۇ جايدا ھەرخىل بەلگە - تامغىلارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇپلا قالماي، يەنە بەلگە - تامغىلارنىڭ ماددىي ئاساسى، ماددىي شەرت - شارائىتى بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئارخېئولوگلار تۇرپان تەۋەسىدىن بايقالغان يۇقىرىقىدەك قەدىمكى بەلگە - تامغىلارنى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋالغان يادىكارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق: «يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پىچان ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىز، قەدىمكى قەبرىلەر ۋە ئۇلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يورۇتۇپ بەرگەن مەسىلىلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، مېنىڭچە لەمجىن غولىدىن تېپىلغان قەدىمكى بەلگە، تامغا، شەكىللەر چېكىپ ئويۇلغان تاش ئويمىنىڭ دەۋرى تاش قوراللار بىلەن مىس قوراللار تەڭ ئىشلىتىلگەن دەۋرگە ياكى بولمىسا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 -، 7 - ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن»[㉖] دەپ خۇلاسىلىگەن.

قىسقىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تامغا مەدەنىيىتى - ئۇزاق تارىخقا ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ھەم باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شۇ قەدەر كەڭ ئىشلىتىلىشى، ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل قانۇنىي ئاڭ ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

①②③ مۇھەممەد ئىمىن قۇربان تۇغلۇق: «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تامغا مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997 - يىلى 3 - سان، 112 — 115 - بەتلەردىن ئېلىندى.

④⑫㉓㉔㉗ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 81 -، 88 -، 183 - بەتلەر.

⑤ «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 51 ـ بەت.
⑥ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، كىتاب بېشىدىكى رەڭلىك سۈرەتكە قاراڭ.
⑦ «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، 65 ـ بەت.
⑧⑨ «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۇ تېشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.
⑩ قۇربان ۋەلىنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 5 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەمۇرىي ھۆججەت» دېگەن ماقالىسىگە كىرگۈزۈلگەن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ھۆججەتلەرگە ھۆججەت يازغۇچىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان.
⑪㉖ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 351 ـ بەت.
⑬⑱⑳ رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 227 ـ، 228 ـ، 338 ـ بەتلەر.
⑭⑮⑯⑰⑲ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 3275 ـ، 3942 ـ، 1036 ـ، 1766 ـ، 2902 ـ بېيتلار.
㉑㉒ سەي خۇڭشېڭ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 85 ـ، 101 ـ بەتلەر.
㉕ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 393 ـ بەت.
㉖ ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 351 ـ بەت.
㉘ «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› (ماقالىلەر توپلىمى)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 150 ـ بەت.
㉙㉚㉛㉜㉝㉞㉟㊱ ئابدۇقېيۇم خوجا: «دىۋان» دا كۆرسىتىلگەن ئوغۇز ـ تۈرك تامغىلىرى بىلەن لەمجىن غۇلىدىكى تاشقا ئويۇلغان قەدىمكى بەلگە ـ تامغىلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (3 ـ قىسمى)، ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 60 ـ، 71 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

(ئاپتور: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىدا)

مامۇت قۇربان

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئۆي ۋە ئوچاققا ئائىت خاتىرىلەر

11 ـ ئەسىردە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار شەھەر، بازار ۋە يېزىلارغا ماكانلىشىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرقىسىم تۈركىي مىللەتلەر ئۆي ئورنىدا چېدىر ئىشلىتەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆي ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قارىغاندا، ئۇ ئولتۇراق جاي مەسىلىسىدە ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقانلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆي ئىچىنىڭ قانداقلىقى ۋە ئۆي جابدۇقلىرىنى كۆرسىتىپ، چېدىر ھەققىدە ئاز مەلۇمات بەرگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئەڭ كەم بولغاندىمۇ، مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشنى بىلگەن. ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن توپا تام، كەتمەن چالمىسى، سوقما تام، ئاندىن كېسەك ياكى خىشتىن تام قوپۇرۇپ ئولتۇرغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىش كېرەككى، بېيجىڭ خان سارىيىنى قۇرۇپ چىقىشقا قاتناشقان ئەختەرىدىن ئۇيغۇر ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشقا، بولۇپمۇ ياغاچ ئىشلەتمەيدىغان كېمىر ئۆيلەرنى سېلىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپلا قالماي، ۋاسا جۈپ، پارامانلىق، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سېلىشقىمۇ ئۇستا ئىدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) ئۆي بەزى يەرلەردە «ئەۋ» (1 ـ توم، 200 ـ بەت)، «ئۆي» (1 ـ توم، 110 ـ بەت) دەپمۇ ئاتالغان بولسىمۇ، مەھمۇد كاشغەرىي «ئەۋ ـ بارىق» (1 ـ توم، 453 ـ بەت) دېگەن سۆزنى ئۆي ـ ۋاق دەپ ئىزاھلاپ، «بارىق» دېگەن سۆزنىڭ يالغۇز ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىزاھاتىدىن 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ھازىرقىدەكلا ئۆي جاھازلىرى ۋە ئۆي مۈلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ھالەتنى «ئۆي ـ ۋاق» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۆي سېلىش ئىشىغا كەلسەك، ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن كېسەك قۇياتتى، ئۇل قازاتتى. ئۇلار ئۆينىڭ ئۇلىنى «تۇۋ» («دىۋان» 3 ـ توم، 164 ـ بەت)، «ھۇل»، «تەك» دېيىشەتتى، ئۇل ئۈستىگە

قوپۇرۇپ چىقىلغان تام ھازىرقىدەكلا «تام» دېيىلەتتى. «دىۋان»دىن «تام» دېگەن سۆزگە ئاساسلىنىپ، تاش قويۇش ئۈچۈن قېزىلغان ئۇلىنىمۇ كۆپىنچە «تام تۈپى» («دىۋان» 3 ـ توم، 164 ـ بەت)، تام ئۇلى دەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەھمۇد كاشغەرىي تامنىڭ «تۈۋى» «ئۇل» (ھۇل) دېگەن سۆزنى يەنە «تام ئۇلى» («دىۋان» 1 ـ توم،67 ـ بەت) دەپمۇ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن «تۈۋ» بىلەن « ھۇل»نىڭ قانداق پەرقى بارلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. «تام» دېگەن سۆز 11 ـ ئەسىردىلا خۇددى ھازىرقىدەكلا ئورتاق ئىسىم ئىدى.

**1) تامنىڭ سېلىنىشى**

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «تام ئەتتى»، «تام سالدى» (3 ـ توم، 78 ـ بەت) دەپ يازغان. «دىۋان»دا يەنە «تۈت چاسا ئۆي» (3 ـ توم، 569 ـ بەت) دەپ يېزىلغانلىقىدىن قارىغاندا، شۇ چاغلاردا ئۆيلەر خۇددى ھازىرقىدەك چاسا شەكىلدە سېلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنلا ئۆيلەرنى چاسا شەكىلدە سالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. 11 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار تامنى «كېسەك» بىلەن قوپۇرغاندىن باشقا، يەنە «سوقما تام» (ئەنجان تېمى) قىلىپ سالاتتى. ئۇيغۇرلار ئەنجان تېمىنى تاراچلاپ، سۇۋاپ، ئۈستىگە ياغاچ سېلىپ، يېپىپ ئولتۇراتتى، بۇنداق ئەھۋال تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا قەدەر مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق تاملار ئاقسۇ ئونسۇنىڭ «جام»، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئىلى قاتارلىق يەرلەردە كۆپرەك ئۇچرايتتى. ھويلا قورغىنى، باغ تېمى ۋە خامانلىقلارنىڭ قورغانلىرىنى سوقما تام بىلەن چۆرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تام سېلىشنى «تام تۇرغۇزماق» ياكى «تام قوپۇرماق، تام تىكلىمەك» دەپ چۈشەندۈرۈپ، «ئادەم تام تۇرغۇزدى» (2 ـ توم، 252 ـ بەت) دېگەن بولسا، ئۆي سېلىشنى «ئەۋ تۇرغۇزماق» دەيدىغانلىقىنى، تام سالدۇرغانلىقىنى بولسا «تام سالدۇردى»، «ئادەم تام ئەتتى» (3 ـ توم، 78 ـ بەت) دەپمۇ ئاتايدىغانلىقىنى يازغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، 11 ـ ئەسىردە تام سېلىپ، يېپىپ ئولتۇرۇش ھازىرقىدەكلا مۇھىم ئىدى.

ئۆينىڭ تاملىرىنى قوپۇرۇشتا تاشتىن باشقا كېسەك بىلەن خىش ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم. كېسەك ئەينى زاماندا خۇددى ھازىرقىدەك «كىرپىچ» («دىۋان» 1 ـ توم، 594 ـ بەت) دېيىلسە، خىش «پىشقان كېسەك»، «پىشىشىغ كېسەك» («دىۋان» 1 ـ توم، 482 ـ بەت) دېيىلەتتى.

تۇرپان قاراغوجا خارابىسىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1110 ـ يىللارغا توغرا كېلىدىغان (ئۆينىڭ تاملىرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۆي ئىچىدە سۇپا ۋە ئوچاق بار)[1] خارابە ئىزنىڭ بايقىلىشى، بىزگە كېسەك بىلەن تام سېلىش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. تۇرپان يارغولدىكى، سىڭگىمدىكى ئۆيلەر، كەلپىن «چىلان تۈر»، «كەلپىن قىسىل»دىكى خارابىلەر ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئۆيلەرنى كېسەكتىن سالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

11 ـ ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار كېسەك ۋە خىش قۇيۇشتا ھازىرقىدەكلا ياغاچ قېلىپ ئىشلىتەتتى. قېلىپ كىۋادرات شەكىلدە بولاتتى. قېلىپنى ياغاچچىلار ياغاچتىن ياسايتتى. ئۇلار بۇ قېلىپلارنى «كىرپىچ قېلىپى» («دىۋان» 3 ـ توم، 165 ـ بەت) ياكى «خىش قېلىپى» دەپ ئاتايتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا پىشىشىق خىش دېگەن مەنىدە ئايرىم توختالمىغان بولسىمۇ، لېكىن «پىشىشىق» دېگەن سۆز مۇناسىۋىتى بىلەن «پىشقان ھەرقانداق نەرسىگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» (1 ـ توم، 482 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا تام سېلىشقا پىشىشىق خىشمۇ ئىشلىتىلگەنىدى. مەھمۇد كاشغەرىي «ياپتى» («دىۋان» 3 ـ توم، 78 ـ بەت) دېگەن سۆزنى ئۇ «تام ئەتتى»، «ئەر تام ئەتتى» دەپ ئىزاھلىغان. بىر-

سىنىڭ بىرسىگە ياردەملىشىپ تام قوپۇرۇشۇپ بەرگەنلىكىنى بولسا «ئۇ ماڭا تام قوپۇرۇشۇپ بەردى» («دىۋان» 2 ـ توم، 138 ـ بەت) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازغان.

«دىۋان»دا ئۆي ئېمىنى تۇرغۇزۇشتا، يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نېمىلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق توختالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاملارنىڭ ئارىسىغا يان ياغاچ، بۇلۇڭلىرىغا تارتما، بەزى يەرلەردە ئۇلىغا تاش ئۈستىگە «زەگۇندە» (3 ـ توم، 325 ـ بەت) (ياغاچ قۇرما ئۆيلەردە ئېخىمۇ شۇنداق) ياكى خىش قويۇپ، ئاندىن تامنى قوپۇرۇپ چىقاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ زەگۇندىنى تامنىڭ ياكى تاختاينىڭ ئۇلىغا قويۇلىدىغان نەرسە، دەپ ئىزاھلىشىدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قۇرۇلۇشلاردا تاملارنىڭ ئۇلىغا زەگۇندە قويۇلىدىغانلىقى ئېنىق. سۆگەت ياغىچى ياكى ئۈژمە ياغىچى، تېرەك ياغىچى، جىگدە ياغاچلىرىنى ئوبدان چاسلاپ، تام ئۇلىغا زەگۇندە قىلىپ قويۇش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنداق سېلىنغان ئۆيلەر ئاقسۇ، ئونسۇ، كۇچار، توقسۇ، ئۈچتۇرپانلاردا كۆپرەك ئۇچرايتتى. بولۇپمۇ ئونسۇ «ئاشما بۇلاق» بويىدىكى، ئۆستەڭ بويىدىكى ئۆيلەر يەردىن بىر مېتىر ئارتۇق كۆتۈرۈپ سېلىنغان بولۇپ، پۇتۇنلەي ياغاچ قۇرمىلىق ياكى خىش بىلەن سېلىنغان. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇزاق ساقلانغان. خىش تاملارغا بولسا گەج ـ ھاك ئارىلاشمىسى بىلەن قۇم ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئىدارىسى 2007 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسى دوستلۇق يولىدا يەر ئاستى بازىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، مىلادىيە 3 ـ 4 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە «تاملىرى خىشتىن قوپۇرۇپ نەقىشلەنگەن لەھەت ئىچىدە، خىشتىن قوپۇرۇلغان جەسەت سۇپىسى»① بولغان، كۆپ قېتىم ئادەم دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنى بايقىغان. مانا بۇلاردىن، خۇمدانلاردا خىش پىشۇرۇشنىڭ ساپالچىلىق دەۋرىدىنمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.

2) سۇۋاقچىلىق

ئۇيغۇرلار تام سۇۋىقى ئۈچۈن لايىنى كۆپرەك ئىشلىتەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۇ ماڭا تام سۇۋۇشۇپ بەردى» («دىۋان» 2 ـ توم، 138 ـ بەت) دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا بىرسى تام سۇۋىغاندا، يەنە بىرسىنىڭ ياردەملىشىپ تام سۇۋۇشۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ، قول ئىلكىدە بار كىشىلەر ئۆيلىرىنى گەجلەپ، ھاكلاپ ئولتۇرىدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا ھاكنى «ئۇركەك» (1 ـ توم، 164 ـ بەت) «كۆيدۈرۈلگەن ھاك» دەپ ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن «دىۋان»دا ھاك كۆيدۈرۈش توغرىسىدا ئېنىق توختالمىغان. ئەمما ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار ھاك تېشىنى ھاك خۇمدانلىرىدا كۆيدۈرۈپ ئالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ھەقتە «دىۋان»دىن بىرەر مەلۇماتقا ئېرىشمىكىمىز تەس. لېكىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كۆمۈر قىلىش ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن ياغاچ» («دىۋان» 1 ـ توم، 659 ـ بەت) دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، ھاك تېشى ياغاچ كۆمۈرىدە كۆيدۈرۈلگەنمۇ، يوق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ھاك ئوتۇن، ياغاچ كۆمۈرى ياكى كۈنجۈت مېيى سۈرۈلگەن تۆگە مايىقلىرىدا كۆيدۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھاك ۋە گەج كۆپىنچە مېھمان سارايلار، بۇتخانىلار، مەسچىتلەردە كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. گەج قاتتىق، قىزغۇچ ئاق رەڭلىك مەدەن بولۇپ، ئۇ گەج كانلىرىدىن كولاپ ئېلىنىدۇ، گەجنى ئالدى بىلەن خۇمدانلاردا كۆيدۈرۈپ، (كۆيدۈرگەندە قىزىل رەڭگى يوقايدۇ)، ئاندىن سوقىدا يانجىپ، ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، شۇ پېتى لاي قىلىپ تاملارغا بەرگەندە، ئاسان قېتىۋالىدۇ. سۇۋاش قىيىن بولۇشتەك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئازراق مىقداردا سېغىز ياكى تۇخۇم ئېقى، توزغاقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ لاي قىلىپ سۇۋاقچىلىقتا ئىشلىتىشتىن باشقا، ئۆزىنى ساپ ھا-

لەتتە سۇدا ئېرىتىپ، ئۆي تاملىرىنى، ۋاسا، جەگىلەرنى گەجلەشكىمۇ ئىشلەتكەن. گەج كەلپىن، ئاتۇش تاغلىرىدىن كۆپ چىقىدىغان ئاق رەڭلىك مەدەن، ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى كالتسىي سۇلفات بولۇپ، ئىشلەتكەندە ئالدى بىلەن كۆيدۈرۈپ ئاندىن يانجىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر پاكىز، كۆركەم بولىدۇ. ھازىرمۇ ئۆيلەرنى گەجلەپ ئولتۇرۇش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسى.



خام گەج




تۆر ئوچاق

**3) ئۆيلەرنى يېپىش**

تاملار قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاملارغا خۇددى ھازىرقىدەك ئالدى بىلەن يىرىك سۇۋاق بېرىلىپ، ئۆينىڭ ئۈستى يېپىلاتتى. ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىشتا كۆپىنچە ياغاچ ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلەتتى. ئۆينىڭ ھەربىر تېمى ئارىسىغا يان ياغاچقا تىرەپ، كەم بولغاندا ئىككىدىن يان تۈۋرۈك قويۇلاتتى، ئەگەر ئۆي كەڭرەك سېلىنسا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا لىم «ئارتىق-» («دىۋان» 1 ـ توم، 148 ـ بەت) ياغاچ قويۇلۇپ، «بىر قاتار تىرەك» («دىۋان» 1 ـ توم، 502 ـ بەت) قويۇلاتتى. «تىرەك» بولسا، تامغا قويۇلىدىغان تىرەكلەرنى، يەنى تىرەك ياغىچىنى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «تىرەك» دېگەن سۆزنىڭ ئېنىق مەنىسى ھەققىدە ئوچۇق بىرنېمە دېمىگەن، شۇڭا تىرەك تىكىلگەن تېرەكلەرمۇ ياكى ئۆيلەرگە سېلىنغان بىر قاتار ياغاچلار ياكى سوقمىلارمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم.

ئەمما « دىۋان»دا ئۈستىگە لىم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىك تۇرغۇزۇلغان تۈۋرۈكنى «ئۇغۇلمۇق» (1 ـ توم، 202 ـ بەت) دەيدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھاتىدىن قارىغاندا، «ئارتىق»بىلەن «تۇبرۇك» ئىككىسى ئىككى خىل ئاتالغۇنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ھازىرقى دەۋردە، ئۆينى ياپقاندا لىم ئۈستىگە قويۇلىدىغان ياغاچلار «جەگە» دەپ ئاتىلىدۇ. «دىۋان»دا بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 11 ـ ئەسىردە خۇددى ھازىرقىدەكلا ئۆينىڭ ئۈستىگە ياغاچ، ئاندىن ئوت ياكى بورا سېلىپ توپا ۋە لاي بىلەن ياپقان بولۇشى ياكى جەگىلەر ئۈستىگە قوشام (يۇلغۇن شېخى) سېلىپ، ئۈستىگە بەزى يەرلەرگە چىرىمايدىغان ئوت «ئېشەك قومۇشى»، بەزى يەرلەرگە «چىغ» سېلىپ ياپقان بولۇشى مۇمكىن. «دىۋان»دا: «ئۇ ئۆينىڭ تورۇسىنى ياپتى» (3 ـ توم، 453 ـ بەت) دەپ يازغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىپ ئولتۇرۇشنىڭ خېلى ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئۆينىڭ ئۈستىنى خۇددى ھازىرقىدەكلا «تورۇس» دەپ ئاتىغان. 11 ـ ئەسىرلەردە «ئۆگزە» («دىۋان» 1 ـ توم، 563 ـ بەت)نى ياپقان ۋاقىتتا خۇددى ھازىرقىدەك لىم ئۈستىگە توغرا ياغاچلار قويۇلاتتى. لىم ئاستىغا تۈۋرۈكلەر تىرىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «تۈۋرۈكلۈك ياغاچ»

(1 ـ توم، 657 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ خوددى هازىرقىدەك تۈۋرۈكلۈك ياغاچقا ئېتىبار بېرىدىغانلىقى مەلۇم.



ياغاچ قۇرمىلىق ئۆي



تۈۋرۈك

ئۆينىڭ تىرەك ياغىچى «ئوق» (1 ـ توم، 52 ـ بەت) دېيىلەتتى، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىنى ياغاچ بىلەن ياپقان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرلەرگىچە بىر قىسىم جايلاردا ئۆيلەر يەنى توغرا ياغاچ(جەگە) ئۈستىگە يۆلغۇن(قوشام) ياكى ۋاسا ئۈستىگە چىغ، قومۇش، توپا تاشلاپ ياكى لاي سېلىپ يېپىدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ىدا «ئۆگزە يامغۇردىن ئويۇلدى» (1 ـ توم، 355 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، بەزى يەرلەردە يامغۇر يېغىپ ئۆيدىن تامچە ئۆتكەن ۋاقىتىدا، ئۆگزە ئويۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. هازىر بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۆگزىنىڭ ئويۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىگە ئوچاق كۈلى تۆكۈلىدۇ ياكى توپا قويۇپ، ئۈستىگە سامانلىق لاي سېلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم يەرلەردە گەجلەنگەن، پارامانلىق، «ۋاسا جوپ»، «ۋاسا تاق» (ۋاسا بىر قىسىم يەرلەردە «گاسا»دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېيىلىدىغان ئۆيلەرمۇ بار بولۇپ، ۋاسا تاق قىلىپ يېپىلغان ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە بورا سېلىپ، ئاندىن «ئېشەك قومۇشى» ياكى باشقا چۆپلەرنى قېلىن سېلىپ خوددى هازىرقىدەك توپا تاشلاپ ياپاتتى.

11 ـ ئەسىرلەردە ئۆينىڭ دەرۋازىسى «قوۋۇق (دىۋان، 1 ـ توم، 485 ـ بەت)، قاپقا، ئىشىك» دەپ ئاتىلاتتى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى بولسا هازىرمۇ «ئىشىك» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئىشىك ۋە بوسۇغا قىلىنىدىغان ياغاچ «ئىشىكلىك ياغاچ» («دىۋان» 1 ـ توم، 207 ـ بەت) دېيىلەتتى. دەرۋازا قاناتلىرى بىلەن تام ئارىلىقىغا خوددى هازىرقىدەك تىرەك ياغاچ، يەنى ئىشىك يان ياغىچى قويۇلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي دەرۋازىنىڭ يان ياغاچلىرىنى «قاپۇغ ياگاقى» («دىۋان» 3 ـ توم، 514 ـ بەت)، ئىشىك يان ياغىچىنى «بۇ قوۋۇقتا تېرەك قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ» («دىۋان» 1 ـ توم، 663 ـ بەت) دەپ ئىزاھلىغان. خوددى هازىرقىدەك ئۇ ياغاچلارنىڭ ئىككى بېشىغا تورۇم تۇتۇلۇپ، ئىشىك بېشى بىلەن بوسۇغا قىلىنىدىغان ياغاچقا كىرگۈزۈلەتتى. دەرۋازا ئالدىغا «سۆكچەك» («دىۋان» 3 ـ توم،317 ـ بەت) سۇپىچاق چە-

قىرىلىشتىن باشقا، يەنە دەلىزگە كىرىش ئىشىكىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە سۇپىلار چىقىرىلىشتىن سىرت، ئۆيلەرگىمۇ سۇپىلار چىقىرىلاتتى («دىۋان» 1 ـ توم، 630 ـ بەت).

كىشىلەر ئۆي سېلىش جەريانىدا ئىشىك، دېرىزە(پەنجىرە)، ئوچاق ۋە تۈڭلۈكلەرنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىن ئويلىشاتتى، تاملار پىلان بويىچە ئېھتىياجىغا قاراپ قوپۇرۇلاتتى. بەزى يەرلەردە خۇددى ھازىرقى تۇرپاندىكى كېمىر ئۆيلەرگە ئوخشاش «ئەگمە» («دىۋان» 1 ـ توم، 176 ـ بەت) ئۆي ۋە «ئويۇقلۇق ئۆي» («دىۋان» 3 ـ توم، 68 ـ بەت) (گەمە ئۆي ــ گىرەم ئۆي) لەرمۇ بار ئىدى. گەمە ئۆيلەر بەلكىم يار بويلىرىغا ئويۇۋالغان گەمە ئۆيلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. گەرچە ئۇيغۇرلار 11 ـ ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنە شۇ مەزگىللەردە ئىككى قەۋەتلىك بىنالارنىڭ بار ـ يوقلۇقى توغرىسىدا «دىۋان»دىن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولالمايمىز.

ئۆي سالغاندا تام قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى يېپىلىپ، ئىشىك ـ پەنجىرىلەرنى ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، تاملارنى سۇۋىغاندا «ئەندۇۋا»ئىشلىتىلەتتى. 11 ـ ئەسىردە بۇ ئەسۋاپ «قالاق» («دىۋان» 3 ـ توم، 320 ـ بەت) (بۇ ئەسلىدە لاي ئارىلاشتۇرىدىغان، لاي ئالىدىغان قالاق دېگەن مەنىدە) دېيىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆي سۇۋاش ھەققىدە توختىلىپ، سۇۋالغان ئۆينى «ئۆي سۇۋالدى» («دىۋان» 2 ـ توم، 174 ـ بەت)، «ئادەم ئۆينى چاپلىدى» («دىۋان» 2 ـ توم، 2 ـ بەت) دەپمۇ ئاتايدىغانلىقىنى يازغان. ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ تام سۇۋىغاندا ئالدى بىلەن تامنى يىرىك سامانلىق لاي بىلەن چاپلاپ، ئاندىن يۇمشاق لاي (قوغان سامانلىق لاي) بىلەن سۇۋاپ، سىلىقلاش ئېلىپ بارىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «ئۇ ئۆينى (ئۆزلۈك لاي بىلەن) سۇۋاتتى» («دىۋان» 2 ـ توم، 256 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدىمۇ ئۇيغۇرلار ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇ زامانلاردىمۇ خۇددى ھازىرقىدەك «ئېغىل» («دىۋان» 1 ـ توم، 133 ـ بەت) ھويلا سىرتىغا، تاھارەتخانا باغقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قوتاندىن يىراق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت گەندىنى كالا ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ يەۋېلىپ، كېسەل بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئېغىللىق ئۆي» («دىۋان» 1 ـ توم، 200 ـ بەت) دەپ يازغىنىدىن قارىغاندا، ئېغىل بولمىغان ئۆيلەرنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم. بۇ خىل ئۆيلەر ئەينى ۋاقىتدا شەھەرلەردە كۆپرەك ئۇچرىسا كېرەك.

**4) ئوچاق ۋە تونۇر**

11 ـ ئەسىردىمۇ «ئوچاق» («دىۋان» 1 ـ توم، 88 ـ بەت) دەپ ئاتالغان بۇ ئىسىم ھازىرغىچە ئومۇمىيۈزلۈك «ئوچاق» دەپ ئاتالماقتا. شۇ زامانلاردىمۇ ئوچاق سالىدىغان يەر «ئوچاقلىق يەر» («دىۋان» 1 ـ توم، 203 ـ بەت)، ئوچىقى بار ئۆي «ئوچاقلىق ئۆي» («دىۋان» 1 ـ توم، 200 ـ بەت) دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئۆي ئوچاقلاندى» («دىۋان» 1 ـ توم، 386 ـ بەت)، يەنى «ئۆيگە ئوچاق سېلىندى»، «ئۆي ـ ئوچاقلىق بولدى» دېگەن سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئوچاقنى كىشىلەر ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ سالىدىغانلىقى مەلۇم. «دىۋان»دىكى «ئوچاقلىق لاي» (1 ـ توم، 203 ـ بەت) دېگەن سۆزنىڭ «ئوچاق سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز لاي» دەپ ئىزاھلىنىشىدىن قارىغاندا، ئوچاق سېلىش ئۈچۈن خۇددى ھازىرقىدەك ئالدى بىلەن ئوچاق سالىدىغان يەر تاللىنىپ، ئاندىن ئوچاق سالىدىغان لاي ئېتىلەتتى. بەزى ئوچاقلار ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە ياكى بىر بۆلۈڭىغا سېلىنىپ، ئوچاقنىڭ ئارقا تەرىپىگە كىچىك «دۈت»قويۇلاتتى. بەزى ئوچاقلار بولسا تونۇر شەكلىدە ياسىلاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى ۋاقىتتا ئائىلىلەردە ئاياللارنىڭ تونۇرغا نان ياقىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، «خاتۇن تونۇرغا نان ياپتى» («دىۋان» 3 ـ توم، 78 ـ بەت) دەپ يازغان. ئۇيغۇرلار كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان، بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە يۆت-

ىكىگىلى بولىدىغان ئوچاقلىرىنى «كۆچۈرمە ئوچاق» («دىۋان» 1 ـ توم، 638 ـ بەت) دەپ ئاتايتتى. بۇ خىل ئوچاقنى كۆپىنچە كۆچمەنلەر ئىشلىتەتتى. ھازىرمۇ بىر قىسىم يەرلەردە كۆچۈرمە تونۇرلار ئىشلىتىلمەكتە. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ئۇرما ياكى ھاشار مەزگىللىرىدە ئەترەتلەردە كۆچۈرمە ئوچاق ئىشلەتكەنلىكى ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار تونۇرنى ھازىرقىدەكلا بەزىلەر ھويلىغا سالسا، يەنە بەزىلىرى ئۆي ئىچىگە سالاتتى. يەنە بىر خىل تونۇر بار بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنى «ئاۋران» («دىۋان» 1 ـ توم، 147 ـ بەت) «كاڭ ئوچاق، تۆمۈرچى ئوچىقى شەكلىدە ياسىلىدىغان نان ئوچىقى» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇخىل ئوچاقنىڭ ئالدى قول پاتقۇدەك ئوچۇق بولاتتى. بۇخىل ئوچاققا پەقەت قىش، كۈز، ئەتىياز پەسىللىرىدە، ئۇدا يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۆينى ئىسسىتىش مەقسىتىدە ئوت يېقىلاتتى. تاماق ئېتىش بىلەن ئوچاق قىزىپ قالاتتى. قىزىپ قالغان (ئاقارغان) ئوچاققا تۇز ئىكىپ، نان يېقىپ، ئۆيدىكى نان جىددىيلىكىنىڭ ئالدى ئېلىناتتى. ئۇيغۇرلار 4 ـ 5 كۈن تۇرىدىغان يەرلىرىگىمۇ ئوچاق سالاتتى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئوچاقلىرى شۇ ئائىلىنىڭ ئېھتىياجىنى، يەنى بىر ئۆيلۈكنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايتتى. ھەتتا تۈگمەنلەردىمۇ ئوچاقلار بار ئىدى. بۇ ئوچاقلار ئۇ يەردە تاماق ئەتكەندە، يېقىلغۇنىڭ بىھۇدە ئىسراپچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شورلانغان بولۇپ، ئاقىرىپ قالسىلا تۇز چېچىپ، ئوچاقنى تېخىمۇ ئاقارتىپ نان يېقىپ يېيىشەتتى.

5) ئۆينىڭ ئىسسىتىلىشى

11 ـ ئەسىردىمۇ ھاۋا ئەڭ سوغۇق پەسىل ھازىرقىدەكلا «قىش» دەپ ئاتىلاتتى. قىش كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۆينىڭ ئىسسىتىلىشى مۇھىم ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشىنى سۇۋاپ ئولتۇراتتى. ئىسسىنىش ئۈچۈن، ئوچاققا ئوت قالايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆيگە ئوچاق سالاتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئوچاقلارنى خۇددى ھازىرقىدەكلا لايدىن سالىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. گەرچە «دىۋان»دا تونۇر ھەققىدە مەخسۇس توختالمىغان بولسىمۇ، لېكىن «خاتۇن تونۇرغا نان ياپتى» («دىۋان» 3 ـ توم، 78 ـ بەت) دېگەن سۆزدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ مەزگىللەردىمۇ ناننى خۇددى ھازىرقىدەكلا تونۇرغا ياكى ئوچاققا ياقىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا ئوچاق، كاڭ ئوچاق، تونۇر، مورىلىق ئوچاق سېلىپ ئىسسىناتتى. يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلار 11 ـ ئەسىردە خۇددى ھازىرقىدەكلا كاڭ چىقىرىپ، ئوچاقلارنى سېلىپ، پۈتۈن ئۆينى ئىسسىتاتتى. مانا بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ 11 ـ ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا ئىسسىتىش قۇرۇلمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تونۇر سېلىشتا، ئالدى بىلەن تونۇرنى كېسەكتە يۇمىلاق قىلىپ سېلىۋېلىپ، سەل قۇرىغاندىن كېيىن، ئىچىنى يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىگە سامان بىلەن يۇغۇرۇلغان شور لايلارنى چاپلاپ چىقاتتى. كېسەك يوق يەرلەردە شورلۇق لاي بىلەن تونۇر سالاتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر ناۋايلارمۇ تونۇرنى پىششىق كېسەكتىن سالىدىغان بولغان. ئۇلار ئوچاق قۇرۇغاندىن كېيىن، شاخ ـ شۇمبىدا قىزدۇرۇپ، قۇرۇتۇپ، تۇز چېچىپ ئاقارتىپ، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم قىزدۇرۇپ نان ياقىدىغان ھالەتكە كەلتۈرەتتى.

11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئوچاقلارغا ئوتۇن ياقاتتى، شۇڭا بەزى ئۆيلەردە ئوتۇنخانا بىلەن كۆمۈرخانا بارلىقى مەلۇم بولغان، لېكىن «دىۋان»دا كۆمۈرنىڭ ئوچاق، تونۇرلاردا يېقىلىشى ھەققىدە بىرەر سۆز ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، لېكىن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇنلا

ئۇيغۇرلار ئوتۇن، كۆمۈر ئىشلەتكەندىن باشقا، ئوتۇن قىس بولغان يەرلەردە كالا تېزىكى، تۆگە ماياقلىرد-
نى قالىغان. بۇ ئەھۋال تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ھەتتا ھازىرغىچە بەزى جايلاردا داۋاملى-
شىپ كەلمەكتە. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار كالا تېزەكلىرىنى كېسەكتەك قىلىپ،
قۇرۇتۇلغىنىنى «چالما» (1 - توم، 564 - بەت) دەپ ئاتايتتى. ئۇلار 11 - ئەسىردە قوي قىغىنى خۇددى
ھازىرقىدەكلا «قوي مايىقى» («دىۋان» 3 - توم، 230 - بەت)، تۆگە مايىقىنى «ماياق» («دىۋان» 3 - توم،
229 - بەت) دەپ ئاتايتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، كىشىلەر ئات تېزىكىنىمۇ يې-
قىلغۇ قىلىپ ئىشلىتەتتى، ئات تېزىكىنى «يۇنداق» («دىۋان» 3 - توم، 59 - بەت) دەيتتى. ئەينى ۋاقىت-
تا تېزەك ئىسسىنىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىپ قالماي، بەلكى كۆمەچ، كاكچا، چاپىتىلارنى يېقىش ئۈچۈن
يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلىتىلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۆمۈر ئوچاق» («دىۋان» 1 - توم، 129 - بەت)
ئۈچئاياق ۋە تاۋا ھەققىدىكى سۆزلىرى بۇ قاراشنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن يېقىلغۇ.
ئەشيالىرى ئىچىدە، ئوتۇن ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇرلار كۆپىنچە يۇلغۇن، كۆرۈك (يۇلغۇن تى-
پىدىكى بىر خىل چاتقال، ئۆزى ئاق رەڭلىك، گۈلى سارغۇچ ئېچىلىدۇ) ئۆرۈك، تېرەك، شاپتۇل، سوك-
سوك، توغراق، قاغىناق (كەلپىندە «قاغىناق جىلغىسى»دېيىلىغان بىر جىلغا بار)، شاخىنەك (جىغان تى-
پىدىكى چاتقال)لەرنى، جىگدە كۆتىكىنى «يېرىپ» («دىۋان» 3 - توم، 78 - بەت) ئىشلىتەتتى، ئۇنىڭدىن
باشقا يەنە ئاق يانتاق (چاۋار)، سۆگەت، كېۋەز شادىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئوتۇن ئورنىدا ئىشلەتكەن. «دى-
ۋان»دا «سۆكسۆك» (1 - توم، 632 - بەت)نىڭ قاتتىق ئوتۇن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى قالايدىغانلىقى توغرى-
سىدا مەلۇمات بەرگەن. «ئۇ ئوتۇن باغلىدى» («دىۋان» 3 - توم، 398 - بەت)، «ئوتۇن باغلاندى» («دىۋان»
2 - توم، 345 - بەت) ۋە «ئوتۇن بېغى» («دىۋان» 3 - توم، 208 - بەت) ھەققىدىكى سۆزلەر، ئوتۇننىڭ
توشۇلۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «دىۋان»دا يېزىلىشىچە، مەخسۇس ئوتۇن توشۇيدىغان «ئوتۇنچى» (2 -
توم، 64 - بەت)لار بولغان، ئۇلارئوتۇننى كالا ھارۋىسىغا بېسىپ، ئېشەك، تۆگىلەرگە ئارتىپ ئەكەلگەن
بولۇشى مۇمكىن. «دىۋان»دا « توقۇناق» (2 - توم، 418 - بەت) توغرىسىدا توختىلىپ، «ئارغامچىنىڭ
ئۈچىغا باغلىنىپ، ئارتىقنى چىڭىتىدىغان ياغاچتىن ياسالغان ھالقا» دەپ چۈشەندۈرگىنىدىن قارىغاندا،
بۇ ئارتىق دەل توقۇناق ئىدى. توقۇناق ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئارتىق توقۇناق، بۇنىڭدا ئەگرى
توقۇناقنىڭ ئىككى بېشى ئارغامچىغا باغلانغان. يەنە بىرى تارتىق توقۇناق بولۇپ، پۈتۈن يۈكنى چىڭىتىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئېشەك ۋە تۆگىلەرگە يۈك ئارتقاندا، يۈك تارتىلىدىغان ئارغامچا بوشاپ كەتسە،
ئارغامچىنى چىڭىتىشقا توغرا كېلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئارغامچىنى تارتتۇردى» («دىۋان» 2 - توم،
256 - بەت) دەپ يېزىشىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە «دىۋان»دىن ھازىرچە «تاشكۆمۈر»
ھەققىدە بىرەر چۈشەنچىگە كېلەلمىگەن بولساقمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيەلىك ئىزلار ۋە خىمىيە تارىخى
ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بايدىكى ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى كىشىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 — 3 -
ئەسىرلەر ئىلگىرى پولات تاۋلىغاندا تاشكۆمۈر ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

«دىۋان»دا يەنە ئوتۇن كەسلەش ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ ياغاچ قىيدى» (3 - توم، 338 - بەت) دەپ
مەلۇمات بېرىپلا قالماي، يەنە ئوتۇننى يېقىلغۇ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، «ئادەم ئوتۇن كۆي-
دۈردى» (3 - توم، 260 - بەت) دەپ يېزىلغىنىدىن قارىغاندا، ئوتۇن توشۇش، ئوتۇن يېرىش ئۇلارنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئىشلار ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇرلار ئوتۇنلارنى ئېھتىياجىغا
قاراپ ئىشلىتەتتى ۋە توشۇيتتى. ئوتۇن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قىش، كۈز، ئەتىيازلاردا توشۇلاتتى.

ئوت يېقىش ئۈچۈن چاقماق، گۈگۈت ۋە قوغدىن پايدىلىناتتى، لېكىن ئوتۇن، كۆمۈر ۋە تېزەككە ئوت تۇتاشتۇرۇشتا، قوغنىڭ ئوتنى ياندۇرۇشقا كۈچى يەتمەيتتى. شۇنداقلا قوغدا ئوت ياندۇرۇشقا توغرا كەلسە، بەزىلەر قوغنىڭ ئۈستىگە يۇلغۇندىن جىغجىق (يۇلغۇننى ئىنچىكە سۇندۇرۇپ) چىقىرىپ، تۇترۇق قىلاتتى ياكى قوغ ئۈستىگە قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلارنى قويۇپ، پۈۋدەپ ياكى يەلپۈتۈپ ئوتنى ياندۇرسا، يەنە بەزىلەر قۇرۇق پاخاللارنى قويۇپ «پۈلەپ» («دىۋان» 1 ـ توم، 222 ـ بەت) ئوت ياندۇراتتى، ئۇلار بۇ خىل تۇترۇقلارنى «چاۋار» («دىۋان» 1 ـ توم، 535 ـ بەت) دەيتتى. «چاۋار» دېگەن سۆز هازىرغىچە ئۆز مەنىسىنى يوقاتقىنى يوق. «دىۋان»دا «ئۇ ئوت كۈچلىدى» (3 ـ توم، 361 ـ بەت) دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئوتنىڭ كۆسەي بىلەن كۈچلىنىپ تۇزەشتۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى ئۆيلەردە بولۇپمۇ قىشتا، يۇلغۇن كۆتىكىنى كان ئوچاقتىكى قوغقا كۆمۈپ، ئوت ئانىسى قىلىپ تۇتۇتۇپ قوياتتى ـ دە، ئەتىسى ۋە ئاخشىمى بۇنىڭ بىلەن ئوت تۇتاشتۇراتتى، يەنە بەزى ئۆيلەردە بولسا، ياغاچ كۆمۈرىنى قوغ ئۈستىگە بېسىپ قوياتتى. بۇنداق قىلغاندا، بىرنەچچىدىن كاڭنى ئىسسىق ساقلىغىلى، ئىككىنچىدىن ئوتنى ئاسان ياندۇرغىلى بولاتتى. بۇ ئەھۋال ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا قەدەر سەھرالىرىمىزدا مەۋجۇت ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «كىشىلەر سوغۇقتىن تىترەشتى» («دىۋان» 2 ـ توم، 313 ـ بەت) دېگەن سۆزلىرىدىن قارىغاندا، كىشىلەر هاۋا سوغۇق مەزگىللەردە، كىيىمنىڭ نېپىزلىكىدىن تولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يەنە «قىشنىڭ زىياپىتى ئوت» («دىۋان» 1 ـ توم، 433 ـ بەت) دېگىنىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىمۇ ئىسسىنىشنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدا مۇھىم ئىكەنلىكىدىن، كىشىلەرنىڭ قىشتا ئوتقا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار 11 ـ ئەسىردە ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن چاقماق ئىشلەتكەنگە ئوخشاش، چىراغ ۋە شاملارنى ياندۇرۇش ئۈچۈنمۇ چاقماق ئىشلەتەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي چاقماق ھەققىدە توختىلىپ، «چاقماق» («دىۋان» 1 ـ توم، 614 ـ بەت) ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «چاقماق تاش» دەپ چۈشەندۈرگەن. 11 ـ ئەسىردە چاقماق تېشىغا سۈركەپ ئۇچقۇن چىقىرىپ ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان «قاۋ» («دىۋان» 3 ـ توم، 212 ـ بەت) «پىلىك» بىلەنمۇ ئوت تۇتاشتۇراتتى. بۇنداق ئەھۋال تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80ـ يىللىرىغا قەدەر يېزىلىرىمىزدا داۋاملاشقانىدى. ئۇيغۇرلار تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ــ 70 ـ يىللىرىغىچە «تارىشا گۈگۈت» دېيىلىدىغان بىرخىل گۈگۈتنى سۆگەت ياغىچىغا سۈركەش ئارقىلىق ئوت چىقىرىپلا قالماي، يەنە ئىككى تال قۇرۇق سۆگەت تارىشىسىنى ياكى ياغىچنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپمۇ ئوت چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن.

سەرەڭگە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «ئورۇس گۈگۈتى» دېگەن نام بىلەن ئىشلىتىلگەنىدى. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، كەلپىندىكى گۈڭگۈرت كانى بۇنىڭدىن 3000 ــ 4000 يىللار بۇرۇن ئېچىلغان بولۇپ، پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى گۈڭگۈرت بىلەن تەمىنلىگەن. گۈڭگۈرتنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى سەرەڭگىدىن خېلىلا بۇرۇن بولغان. پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كەلپىن گۈڭگۈرت كانىدىن چىقىدىغان گۈڭگۈرتنىڭ ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئوت تۇتاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلەتتى. تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كىشىلەر گۈڭگۈرت ئارقىلىق ئوت تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن. كانچىلار كاندىن ئالغان گۈڭگۈرتنى ئېشەكلىرىگە ئارتىپ كېلىپ، مەھەللە ـ مەھەللىلەردە يۇرۇپ ساتاتتى. كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرۈنلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان: «گۈڭگۈرتچىنىڭ ئېشىكىدەك نېمە تولا توختايسەن» دەيدىغان تەمسىلمۇ دەل ئەينى ۋاقىتتا گۈڭگۈرتچىلەرنىڭ مەھەللىمۇ مەھەللە يۇرۇپ گۈڭگۈرت ساتىد-

غانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، چاقماق تېشى بىلەن «قاۋ»نىڭ كۆكتۈركلەر دەۋرىدىلا بارلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى خالىتىغا سېلىپ، كەمەرگە ئېسىپ يۈرىدىغانلىقى مەلۇم. «دىۋان»دا «چاقماق چېقىلدى» (2 - توم، 186 - بەت)، «بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە چاقماق چاقتۇرۇشى» (2 - توم، 256 - بەت)، «ئۇ ماڭا چاقماق چېقىشىپ بەردى» (2 - توم، 141 - بەت) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، «چاقماق چېقىلسا، ئوت تۇتىشار» (2 - توم، 31 - بەت) دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەرگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن چاقماق بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇشنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

**6) ئۆي بېزەش ۋە سىرلاش**

گەرچە «دىۋان»دا سۇۋاقچىلىقتا لايدىن باشقا يەنە نېمىلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى مەلۇماتلاردىن سۇۋاقچىلىقتا هاك بىلەن گەج ئىشلىتىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار گەج تېشىنى «سىگىر تاش» («دىۋان» 3 - توم، 512 - بەت) دەپ ئاتايتتى. گەرچە «دىۋان»دا گەج تېشىنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقى توغرىسىدا هېچنەرسە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان كۆچار مىڭئۆيلىرى ۋە قەدىمكى شەهەر خارابىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا، گەج تېشىنى خۇمداندا كۆيدۈرۈپ، ئۇنى يانجىپ تالقانداپ، ئۇنىڭغا تۇزغاق، تۇخۇم ئېقى، كۆك ياكى ئاق سېغىزلارنىڭ بىرسىنى مەلۇم نىسبەتتە قوشۇپ لاي ياساپ، ئۆي سۇۋاش ۋە زىننەتلەش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

مەهمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار 11 - ئەسىردە ئۆي زىننەتلەشكە ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەن. «دىۋان»دا ئۆي تاملىرىنى نەقىشلەشتە «ئۆي بېزەلدى» (2 - توم، 200 - بەت) دەپ يازغان، تامنى نەقىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان «رۇشا» (1 - توم، 120 - بەت) دېيىلىدىغان قىزىل رەڭلىك توپا (ئالىيۇمىن سىلىكات) ياكى «زاك»( مانگان IV ئوكسىدى، گىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى كىشىلەر يېقىنقى زامانلارغىچە تاملارغا بوياق بېرىشتە ئىشلىتىپ كەلگەنلىكى مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى. ئۇيغۇرلار 11 - ئەسىردىن خېلى بۇرۇنمۇ تاملارغا خۇددى هازىرقىدەك گىلەم، نەقىشلىك پەردىلەر «چارشاپ» («دىۋان» 1 - توم، 517 - بەت)، يەنى زەدىۋال تارتاتتى. ئۆي سۇپۇرۇش ئۈچۈن خۇددى هازىرقىدەك چۈجگۈن قوناق، شىۋاق، ساي شىۋىقى («ئەمەن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دىن «سۇپۇرگە» («دىۋان» 1 - توم، 638 - بەت)لەرنى ياساپ ئىشلىتەتتى.

مەهمۇد كاشغەرىي «دىۋان»ىدا «سىر» (1 - توم، 424 - بەت) هەققىدە بىر نەچچە يەردە توختىلىپ، سىرنىڭ خۇسۇسىيىتى، هالىتى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپلا قالماي، «ئۇ ئاياغ سىرلاتتى» (2 - توم، 506- بەت) دەپ يېزىپ، 11 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قاچىلىرىنى سىرلىتىدىغانلىقى، يەنى سىرچىلىقنى كەسىپ قىلغان هۈنەرۋەنلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. مەلۇمكى، سىرچىلىق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى. كىشىلەر سىرچىلىقنى تازا بىلىپ كېتەلمىگەن ۋاقىتتا پەقەت قىزىل توپا، سېغىز توپا، قىزىل تۆمۈر رودىسى، قوغۇشۇن ئېقى، سىگىر تاشلارنى ماي بىلەن قوشۇپ، ئازراق يىلىم ئارىلاشتۇرۇپ، سىر ياساپ ئىشلەتكەندى.

سىر ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. بىرى ساپال سىرى، يەنە بىرى ياغاچ سىرى. ساپال سىرى يۇقىرى تېمپېراتۇراغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قوغۇشۇن ئېقى (قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات)، تۇز تېشى (مىس ئاساسلىق كاربونات)، قىزىل تۆمۈر رودىسى، گەج قاتارلىق ماددىلارنى يانجىپ مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ يېگىلى بولمايدىغان ئابدىمىلىك مېيىغا ئوخشاش مايلاردا ئېرىتىپ، يىلىم قوشۇپ تەييارلىناتتى.

بۇلار يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداملىق بولۇپ، كۆيدۇرسىمۇ بىر رەڭدىن يەنە بىر خىل رەڭگە ئۆزگىرەتتى، بۇ خىل سىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى كۆك، قىزىل، ئاق رەڭدە ياكى ئالتۇن رەڭ، كۈمۈش رەڭلەردە ئىدى.

ياغاچ سىرلىرى مەدەن بوياقلار بىلەن ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، يىلىم ۋە ياڭاق مېيى قوشۇپ تەييارلىناتتى. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 500 ـ 3000 يىللار بۇرۇن ئۆي ۋە تام تورۇسلىرىنى سىرلاپ، بوياپ ئولتۇرغان. تۇرپان يارغول، سىڭگىم، كۇچا مىڭئۆيلىرىدىكى رەسىملەر بۇنىڭ مىسالى. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىش كېرەككى، ئۇ مەزگىللەردە ھەممىلا ئادەم ئۆيلىرىنى بېزەپ، سىرلاپ ئولتۇرالمايتتى. «دىۋان»دا «چىنە قاداش» (1 ـ توم، 389 ـ بەت) دەپ يازغانلىقىدىن قارىغاندا، ئاجرىلىپ كەتكەن چىنە ـ تاۋاقلارنى قاداپ ئىشلىتىدىغانلىقى مەلۇم. يەنە پىچاق سېپىنى يەملەش ئۈچۈن، سىر دەرەخ يىلىمىنى ئىشلىتەتتى، سىر دەرەخ يىلىمى يەنە لاك ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. «دىۋان»دا «ئادەم لاكقا ئىگە بولۇش» (2 ـ توم، 394 ـ بەت) دەپ يېزىلىشىمۇ كىشىلەرنىڭ سىر (لاك) سېتىۋېلىپ ئىشلىتىدىغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيەت تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى، 42 ـ بەت.

② ئەنۋەر قاسىم، ئەنۋەر ئەخمەت: «رايونىمىزدىكى مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاش قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلار»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»(4)، 2013 ـ يىلى 5 ـ بەت.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەركىزىي ئوقۇتۇش رايونى ياشانغان كادىرلار باشقارمىسىدا)

مۇھەممەترېھىم سايىت

# «ئالتۇن يارۇق»نىڭ يېڭى نەشرى ھەققىدە

ئاپتوردىن: «ئالتۇن يارۇق»نىڭ تولۇق ئىسمى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يورۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك» بولۇپ، ئۇ ئۈچ ئاغىلىقلىق ئاچارى ـــ سامتسو قەدىمكى ھىندى تىلى يەنى ئەنەتكەكچىدىن قەدىمكى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، كېيىن شىڭقۇ شالى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، چوڭ ھەجىملىك، بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى تەرجىمە ئەسەر. قول يازما بايقالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئوخشىمىغان تىل - يېزىق بىلەن نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلان قىلدى. مەرھۇم پىروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە تەتقىق قىلىشنى پىلانلاپ، يۇقىرىغا يوللاش ئارقىلىق 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى تېمىسى قىلىپ قارارلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككىمىز ئون يىلغا يېقىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ پۈتكۈزۈپ، 1991 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش - نەشر قىلىش ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ، يەنە قايتۇرۇپ كېلىپ تۈزىتىپ، 1996 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا نەشر قىلىشقا تاپشۇرغان، 2001 - يىلى ئاخىر نەشردىن چىققان. ئەسەر نەشرگە تەييارلىنىپ ھازىرغىچە 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئۇزۇن بىر ۋاقىتتا، بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى كىتابخانلار بىلەن، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگۈچى ياش ھەۋەسكارلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھەر خىل تەتقىقاتلاردا ئۇنۇملۈك رول ئوينىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتورلارمۇ بۇ ئەمگەكنى قايتا قايتا ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا مۇتلەق كۆپ مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ يەنە بەزى تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى بايقىدۇق. پىروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ ھايات ۋاقتىدا بۇ مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ قېتىم ئىككىمىزنىڭ بەزى ئورتاق قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ (شۇنداقلا ئۆزۈم جەزمەن تۈزەتمىسەك بولمايدىكەن دېگەن قاراشقا كەلگەن) بەزى مەسىلىلەرنى تۈزەتتىم. بۇ ماقالىدە قايسى مەسىلىلەرنى نېمە ئۈچۈن تۈزەتكەنلىكىمىز بايان قىلىنىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق»، تولۇق ئىسمى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يورۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك» [altun önglüg yaruq yaltrıqlığ qopta kötürülmiş nom iliki atl(ı)ğ nom bitik] ئۈچ ئاغىلىقلىق ئاچارى (سامتسو) قەدىمكى ھىندى تىلى، يەنى ئەنەتكەكچىدىن قەدىمكى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، كېيىن شىڭقۇ شالى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان، چوڭ ھەجىملىك، بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى تەرجىمە ئەسەر. قول يازما بايقالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئوخشىمىغان تىل - يېزىق بىلەن نۇرغۇن تەتقىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئەسەر قەدىم-

كى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقاچقا بۇ تەتقىقاتلار بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. ئەلۋەتتە
مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىزنىڭ مۇھىم ۋە
شەرەپلىك ۋەزىپىلىرىمىزدۇر.

مەن ۋە مەرھۇم پىروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ ئىككىمىز «ئالتۇن يارۇق»نى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قى-
لىشنى پىلانلاپ، ئىككىمىز ئورتاق تەتقىقات تېمىسى قىلىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تەتقىقات
باشقارمىسىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا يوللاپ، 1984 ـ يىلى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى تېمىسى قىلىپ قارارلاشتۇرۇلغان. شۇ-
نىڭ بىلەن بىز ئىككىمىز بۇ تەتقىقات ۋە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنى باشلىغان. بىز ئىككىمىز يې-
رىمدىن بۆلۈشۈپ تەييارلىدۇق. بۇ ئارىدا مەن تۈركىيە ۋە گوللاندىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ بىر قىسمىنى
شۇ يەردە تاماملاپ ئەۋەتىپ بەردىم. شۇ باشلىنىش بىلەن ئىككىمىز ئون يىلغا يېقىن تىرىشىپ ـ تىر-
مىشىپ ئىشلەپ پۈتكۈزۈپ، 1991 ـ يىلى ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئە-
سەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپا ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن،
نەشرگە تەييارلانغان بۇ ئەسەر ھېچ ئۆچۈرسىز تۇرۇپ قېلىپ، ئاخىر قايتۇرۇپ كەلدۇق. مەن 1993 ـ يە-
لى گوللاندىيەدىن ئوقۇشتىن قايتىپ كەلدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئارگىنالنى يەنە بىر تۈزەتتۇق. ئەڭ ئا-
خىرىدا پىروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ كۆرۈپ بېكىتتى. 1996 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا نەشر
قىلىشقا تاپشۇرغانىدۇق، ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۇزاق يىل نەشر قىلىنماي تۇرۇپ قالدى، ئاخىر
2001 ـ يىلى نەشردىن چىقتى. گەرچە شۇنچە ئۇزاق يىل نەشرىياتتا ساقلىنىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۆز
ۋاقتىدىكى ئاڭنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۇسكىنىلەرنىڭ كەمچىللىكى، تەتقىقات ۋە نەشرىياتچىلىق سەۋىيەسىنىڭ
ھازىرقىدىن تۆۋەنلىكى، شۇنداقلا باشقا ھەرخىل سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن ھەرخىل يېتەرسىزلىكلەر
كۆرۈلگەن.

مەرھۇم پىروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ ھايات ۋاقتىدىلا ئىككىمىز ئەسەرنىڭ يېزىق ئالاھىدىلىكى، تىل
ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ ئالدىنقى نەشرىدە ساقلانغان سەۋەنلىكلەر ھەققىدە كۆپ مۇلاھىزە قىلىپ پىكىر
ئالماشتۇرغان. بۇ ئەسەرنىڭ تەتقىقاتى شۇنداقلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر ھەققىدە ئىككىمىز-
نىڭ پىكىر قارىشى ھەقىقەتەن كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ يادروسى بۇ ئەسەرلەرنى
ئۆرۈپ يېزىشتا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىنى تۇتقا قىلىش، تەرجىمىسىدە ئەسلىي خەنزۇچە
نۇسخىسىغا ئاساسلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. دەسلەپكى نۇسخىسىدا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى
نەزەرگە ئېلىنغان بولسىمۇ ياخشى ئېتىبار بېرىلمىگەن. تەرجىمىسىدە ئىمكان بار خەنزۇچىسىغا قاراپ
تەرجىمە قىلىنغان، بولۇپمۇ زىددىيەتلىك مەسىلىلەردە خەنزۇچە مەزمۇنغا ئېتىبار بەرگەنىدۇق. بۇ ئەسەر
نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەن تولۇق كۇرۇس ئوقۇغۇچىلىرى، ئاسپىرانت ۋە دوكتورانت ئو-
قۇغۇچىلارغا «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» دەرسىنى ئۆتۈش جەريانىدا ھەر مەۋسۇمدىكى دەرسكە بۇ ئەسەرنىڭ
بىر قىسمى كىرگۈزۈلگەنىدى، بولۇپمۇ يېقىنقى بەش يىل جەريانىدا «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئاساسى قىسمى-
نى دوكتور ئوقۇغۇچىلىرىمغا دەرس قىلىپ ئۆتتۇم. دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئۆزۈم ھېس قىلغان شۇن-
داقلا ئوقۇغۇچىلار بايقاپ ئەسكەرتكەن، خاتىرە قالدۇرغان مەزمۇنلارنى تۈزەتكەندىن باشقا بۇ قېتىم 2013
يىلى 10 ـ ئايدىن 2014 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە تولۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ قايتا تۈزىتىپ چىقتىم. بۇ تۈ-
زىتىلگەن نۇسخا كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلۈپ بېسىلغاندىن كېيىن، 2014 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 2015 ـ
يىلى 4 ـ ئايغىچە قايتا كۆرۈپ تۈزىتىپ چىقتىم. بۇ يېڭى نەشرىدە ئەنە شۇ ئىككىمىزنىڭ ئورتاق قا-
راشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا بەزى تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدۇق. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى ۋە تەكىت-

لەشكە ئېگىشلىك نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

ئالدىنقى نەشرىدە ھەر خىل سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن خېلى كۆپ سۆزلەر ئۆرۈپ يېزىشتا ۋە تەرجىمىسىدە ياكى باسقاندا چۈشۈپ قالغان، بۇ نەشرىدە 100 دىن ئارتۇق سۆز تولۇقلانغاندىن باشقا يەنە ئالدىنقى قېتىمدا چۈشۈپ قالغان سەككىز بەت يېڭىدىن تولۇقلاندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆرۈپ يېزىش (تىرانسكرىپسىيە قىلىش)تا يەنىلا ئەسلىدىكى نەشرىدە قوللانغان لاتىنچە ھەرپلەر ئاساس قىلىندى. ئەمما ئالدىنقى قېتىمدا كومپيۇتېردا يېزىش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قوش ھەرپ قوللىنىلغان ھەرپلەر بۇ قېتىم تاق ھەرپ بىلەن ئىپادىلەندى. يەنە شۇنى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، چەت ئەلدە بۇرۇن خېلى كۆپ تەتقىقاتچىلار «ق» بىلەن «ك»نى پەرقلەندۈرۈپ ئۆرۈپ يازغان بولسىمۇ كېيىن بىر ھەرپ بىلەنلا ئىپادىلەنگەن. يەنى بىرلا «k» ھەرپى ھەم «-iq»تىكى «q»نى ھەم «-ik» تىكى «k»نى ئىپادىلەپ كەلگەن ۋە بۇلار بۇ ئۇسۇلنى «ئىلمىي ئۇسۇل» دەپ ھېسابلىغان. ئەپسۇسكى، پەلسەپە ۋە مەنتىقىدىن ساۋادى بار ھەر قانداق بىر كىشى شۇنى ئېنىق چۈشىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق بىر ئىلىم - پەن تەتقىقاتىغا ئەڭ ئالدى بىلەن تۆت چوڭ كۆزقاراش يەنى دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزىم كۆزقارىشى، تارىخىي كۆزقاراش، تەرەققىيات كۆزقارىشى ۋە بىر پۈتۈنلۈك كۆزقارىشى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى كۆزقاراش پەقەت بىرلا تارىخىي كۆزقاراشقا ئۇيغۇندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدىكى كۆزقاراشنىڭ ھېچبىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىرىنچىدىن، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمدا ماددا بىرىنچى، ئاڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بار نەرسىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى قاراشتا «ق» بىلەن «ك»نى بىر ھەرپ - بەلگە بىلەن ئىپادىلەشنىڭ ئۆزى بار ماددىنى ئىنكار قىلىپ، ئاڭنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىق. ئىككىنچىدىن، «ق» بىلەن «ك»نى بىر ھەرپ - بەلگە بىلەن ئىپادىلەش قارىماققا تارىخى كۆزقاراشقا ئۇيغۇندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما بۇرۇنقى تارىخ بىلەن كېيىنكى تارىخنى سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، ھەقىقەتەن قەدىمكى بىر قىسىم ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە بۇ ئىككى تاۋۇش نۇۋەتلىشىپلا قالماي، بەزىدە بىر ھەرپ - بەلگە بىلەن يېزىلغان، شۇڭا مۇشۇنداق تارىخى نۇقتىغا ئۇيغۇندەك كۆرۈنسىمۇ، 10 - ئەسىردىن كېيىنكى يازمىلاردا پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىشقا باشلانغان. مەسىلەن، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئېنىق پەرقلەندۈرۈلگەن. بۇ ئەھۋالدا يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەش 8 — 9 - ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخقا ئۇيغۇن كەلسىمۇ، 10 - ئەسىردىن كېيىنكى تارىخقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككىنچى خىل ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەرەققىيات كۆزقاراشقا تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، تارىخ ئىسپاتلىدىكى، 11 - ئەسىردىن تارتىپ «ق» بىلەن «ك» مۇستەقىل ھەرپ - بەلگە، مۇستەقىل فونېما يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى ۋە تەرەققىي قىلماقتا. شۇڭا، بىز مەسىلىلەرگە قارىغاندا، ئۇنى تۇرغۇن ھالەتتە كۆزەتسەكمۇ، يەكۈن چىقارغاندا تەرەققىيات نەزەرگە ئېلىنىشى مۇھىم. تۆتىنچىدىن، بىر پۈتۈنلۈك كۆزقارىشىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە كېيىنكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى كۆزەتكەندە، تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنى تىل قائىدىسى جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە كۆزىتىمىز، تەتقىق قىلىمىز، يەكۈن چىقىرىمىز. تارىختا تۈزۈلگەن چوڭ لۇغەتلەر، گىرامماتىكا ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇلار ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان. يۇقىرىدىكى كۆزقاراشنىڭ ھېمايىچىلىرى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىل يېزىقىنى يەككە كۆزەتكەچكە شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن. بۇ قاراشنى ھىمايە قىلغۇچىلارمۇ مەسىلىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى كۆرمەي ئەگەشكەن. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئەسەرلەر، قەدىمكى ئۇيغۇر

يېزىقىدىكى ئەسەرلەر، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۇ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. شۇڭا، يۇقىرىدىكى قاراش مۇۋاپىق ئەمەس. ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى ئەگەر تارىختا ياكى ھازىر ئۇقۇشماسلىق ياكى مۇجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولسا، ئۇنداق بايان ئىلمىيلىق ھېسابلانمايدۇ. يېقىندا تۈركىيەدىن شۈكۈر ئاقالىن (Şükür Akalın) ۋە مۇستافا قاچ ئاقالىن (Mustafa Kaç Akalın)ئىسىملىك ئىككى داڭلىق پىروفېسسور كېلىپ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا دەرس ئۆتتى. ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا «تىلشۇناسلىق»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «تۈركىي تىللار تىلشۇناسلىقى»، ھەتتا «ھازىرقى زامان تۈرك تىلى» دەرسىنى ئوقۇپ ياخشى نومۇر ئالغان فاكۇلتېتىمىزنىڭ تولۇق كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان، ئاسپىرانت ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز بۇ پىروفېسسورلارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىدى. ھەتتا تۈركىيەدە، گېرمانىيەدە خېلى ئۇزاق بىلىم ئاشۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدىكى ئۇسۇلنى ئىلمىيلىق دەپ ھېسابلىغان ماگىستىرانت ۋە دوكتورانتلارنىڭ بەزىلىرى شۇ داڭلىق پىروفېسسورلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا «ئاقالىن»، «قاچ» دەپ توغرا تەلەپپۇز قىلماي، ئەكسىچە «ئاكالىن»، «كاچ» دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلدى. مەن ئاچچىقلىنىپ بەزىلىرىدىن: «نېمىشقا خاتا تەلەپپۇز قىلىپ چاقىرىسىلەر؟» دەپ سورىسام، يېرىمى خەنزۇچە يېرىمى ئۇيغۇرچە «يىتتىك فەنيىڭ قىلالمايدىكەنمىز، مۇئەللىم» (يەنى تۈركچە قائىدىلەرنى يىتتىك ئەسلىيەلمەي، تۈركچە سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسى بويىچە ئوقۇيدىكەنمىز) دەپ جاۋاب بەردى. مانا «ئاسپىرانت» ۋە «دوكتورانت»لار «يىتتىك فەنيىڭ» قىلالمىغان نەرسە ئىلمىيلىق بولامدۇ؟ مېنىڭچە، ئالىي مەكتەپنىڭ لېكسىيە سورۇنىدا مۇجمەللىك ۋە خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرقانداق بىر ئۇسۇلنى ئىلمىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. بىرنەچچە دوكتوردىن: «نېمىشقا ئۇ ئۇسۇل بويىچە ئۆرۈپ يازىسىلەر؟» دەپ سورىسام، تېخىمۇ غىدىقىمنى كەلتۈرۈپ: «چەت ئەلدە پالانچى پىروفېسسور، مەملىكەت ئىچىدە پۈستانچى پىروفېسسور مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان، شۇڭا ئىلمىيلىق بولىدۇ، دەپ قوللاندىم» دېدى. بۇ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئىزچىل كەم، ھامان باشقىلارنى دوراپلا ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغان بىلىمداشلىرىمىزنىڭ جاۋابى. گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۇسۇلنىڭ ئىلمىي بولمىغان سەۋەبلىرىنى يەنە كونكرېت قىلىپ مۇنداق تەرەپلەردىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بەزى تۈركىي تىلىدىكى سۆزلەرگە مۇۋاپىق كەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئەنەتكەك تىلى، قەدىمكى خەنزۇچە ۋە باشقا نۇرغۇن تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە «ك» (k) ئۇزۇك تاۋۇشى تىل ئارقا سوزۇق بىلەن بىر بوغۇم ياكى بىر سۆز ئۆزۈكىدە كەلگەن نۇرغۇن سۆزلەر بار. مەسىلەن، «kangşı ،kaskawsal ،karmaput ،kalp ،sakyamunı ، dharmakāya»لارنى ھېلىقى «ئىلمىي» ئۇسۇل بىلەن ئۆرۈپ يازساق، بۇ سۆزلەرنىڭ كىرمە سۆز ئىكەنلىكىنى ئۇقمىغانلىقى كىشىنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى «ك»نى خاتا ھالدا «ق» ئوقۇيدۇ. بۇ «ئىلمىي» ئۇسۇلنى ئۇقمىغانلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى تۈركچىدىكى «karpuz ،karasu ،karamuk ،karadeniz ،kamus ، kara» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ق»نى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە «ك» ئوقۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇجمەللىك كېلىپ چىقىدۇ. تەركىبىدە «ك» بولۇپ بىر بوغۇم ياكى سۆزدە تىل ئارقا سوزۇقلىرى بىلەن بىللە كەلگەن كىرمە سۆزلەر قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا زامان ئۇيغۇر تىلىدا 1000 دىن ئارتۇق. بۇنداق سۆزلەرنى ھەقىقىي تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدىغان «ق» (q) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۆرۈپ يېزىش ئەلۋەتتە تاۋۇش خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىكى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خاس قەدىمكى تىللاردىلا ئەمەس، ھازىرقى تىللاردىمۇ كىرمە سۆزلەر كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «ك» ھەرپى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇش بىلەن كېلىدىغان ئەھۋال بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇڭا،

بۇلارنى ئايرىپ يازساق، پەرقلەندۈرۈش قولاي بولىدۇ، بىر ھەرپ بىلەن ئىككى تاۋۇشنى ئۆرۈپ يازساق،
ئانا تىلدىكى سۆز بىلەن كىرمە سۆزلەردىكى تەلەپپۇزنى پەرقلەندۈرۈش تەس بولىدۇ. بۇنى قانداقمۇ ئىل-
مىيلىك دېگىلى بولسۇن. ئىككىنچى، ھەرقانداق بىر تەتقىقات ئىزچىللىققا ئىگە بولۇش لازىم. بىز ئۆرۈپ
يازغان بۇ ئۇسۇل بەزىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردە قوللىنىلسا، بەزىدە تۈرك
يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردە، بەزىدە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان
ئەسەرلەرنى ئۆرۈپ يېزىشتا قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۈچ خىل يېزىقنى ئۆرۈپ يېزىشتا ئىزچىللىق ساقلىنىشى
لازىم. ئەگەر يۇقىرىدىكىدەك ئېلىنسا، ئىزچىللىق يوقىلىدۇ، ئىزچىللىق يوقالسا، ئىلمىيلىك بولمايدۇ.
ئۈچىنچى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تە «ق» بىلەن «ك» ئايرىم - ئايرىم ھەرپ بىلەن
يېزىلغان، كېيىنكى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بۇ ئىككى تاۋۇش ئىزچىل پەرقلەندۈرۈ-
لۈپ ئوخشىمىغان ئىككى ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل
فونېما. بۇنى بىر ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش ئەمەلىيەتنى بۇرمىلىغانلىق، بار نەرسىنى يوققا چىقارغانلىق،
بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى ئىلمىيلىك دېگىلى بولمايدۇ. مەيلى ماركسىزملىق پەلسەپە، مەيلى بۇددىزم پەلسە-
پەسىدە بار نەرسىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى تاۋۇش خېلى كۆپ قول يازمىلاردا ئاي-
رىم - ئايرىم ئىككى مۇستەقىل ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن تۇرسا، ئۇ ئىككى ھەرپ - بەلگىنى بىر بەل-
گىگە ئايلاندۇرۇپ تارىخنى بۇرمىلاشنى قانداقمۇ ئىلمىيلىك دېگىلى بولسۇن. تۆتىنچى، ھازىرقى كىشى-
لەر مەيلى تەتقىقاتچى ياكى قانداق سالاھىيەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇرۇنقى ھەرپ - بەلگىلەرنى خا-
لىغانچە ئۆزگەرتىش ياكى بورمىلاش ئىلمىيلىككە ئىگە ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئۆزگەرتىمەن دېسە، ئۆزىمىزنىڭ
شەخسىي ئىسمىدىكى ھەرپلەرنى خالىغانچە بار - يوق قىلساق بولىدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭكىنى ئۇنداق
قىلساق ئىلمىي بولمايدۇ. بەشىنچى، «q» بىلەن «k» مەيلى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، مەيلى يېقىن-
قى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ۋە مەيلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل فونېما. گەرچە ئۇ دەسلەپتە
بىر بىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ، بەزىدە بىر فونېملىق رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن ئىككى
مۇستەقىل فونېمىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان، بارا - بارا ئىككى مۇستەقىل فونېما بولۇپ شەكىللەنگەن.
ئىلمىي تەتقىقاتتىكى بىر ئىلمىيلىك شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە ھەم تارىخىي كۆز قاراش بىلەن ھەم تەرەق-
قىيات كۆز قارىشى بىلەن كۆزىتىپ خۇلاسە چىقىرىش كېرەك. ئىككى فونېمىنى ئارىلاشتۇرۇش قىسقا
دەۋردىكى تارىخى كۆز قاراشقا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئۇزاق دەۋرلىك تارىخىي كۆز قاراشقا ۋە تەرەققىيات كۆز
قارىشىغا ئۇيغۇن ئەمەس، شۇڭا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىككى تاۋۇشنى بىر ھەرپ بىلەن
ئىپادىلەش ئىككى فونېمانى ئارىلاشتۇرغانلىق، ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى ھەرگىزمۇ ئىلمىيلىك ئەمەس.
ئالتىنچى، بىزنىڭ قەدىمكى قول يازمىلارنى ئۆرۈپ يېزىشىمىزدىكى مەقسەت خاس تىلشۇناسلارنىڭ تەت-
قىقاتىنى كۆزدە تۇتۇش ئەمەس، بەلكى تىلشۇناسلىقتىن خەۋىرى يوق، ھەتتا يېڭى ساۋادى چىققان كىشى-
لەرنىمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلىش. شۇنداق بولغانىكەن، تىلشۇناسلىق كەسپىنىڭ دوكتورلىرى «ئاقا-
لىن» «Aqalin»نى «ئاكالىن» (Akalin) ئوقۇغان يەردە، تىلشۇناسلىقتىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنى قانداق-
مۇ ھەممىسى توغرا ئوقۇيدۇ، دەپ ئېيتقىلى بولسۇن؟ يەتتىنچى، تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ كىشى-
لەرگە زورمۇزور تەسلىك كەلتۈرۈش ئەمەس، ئەكسىچە ئوڭايلىق كەلتۈرۈش. نېمىشقا ئەسلىدە ئوڭاي ئو-
قۇلىدىغان نەرسىنى تەس ئوقۇغىلى بولىدىغان، بىر خىل ئوقۇلىدىغان نەرسىنى ھەر خىل ئوقۇلىدىغان
قىلىپ قويىمىز؟ سەككىزىنچى، تىل — ئالاقە قورالى. ئالاقىنىڭ قولاي ۋە توغرا بولۇشىنىڭ ئالدىنقى
شەرتى تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش. ئەگەر ئاشۇنداق ئىككى تاۋۇشنى بىرلەشتۈرۈپ يازساق، ناھا-
يىتى كۆلكىلىك گەپ - سۆزلەر مەيدانغا چىقىدۇ. چەت ئەللىك كىشىلەرنىڭ كۆپى ئۇيغۇرچىنى ئۇقمى-

غاچقا ياكى چالا ئۇقۇقاچقا بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. تۈركچىدىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇيغۇرلار توغرا تەلەپپۇز قىلمىسا، نومۇسسىز گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۆۋەندىكى تۈركچە مىسالنى كۆرەيلى:

A : Dün onların şenlik gecesine gittin mi?
B : Tabii ,gittim canım !
A : Kalabalık midi?
B : Tabii ,çok kalabalıktı.
A : Beğendin mi?
B : Yok ya canim ,çok sıkıldım.

يۇقىرىدىكى تۈركچە جۈملىلەردىكى «ق»نى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە خاتا ھالدا «ك» ئوقۇسا قانداق بولىدۇ؟ بىزنىڭ خەلقىمىزدە «k»نى «ك» ئوقۇش 1000 يىلدىن ئارتۇق ئادەتكە ئايلاندى. خەلقىمىزدە «k»نى «ق» ئوقۇيدىغان ئادەت يوق. بۇ ئادەتنى ئاشۇنداق ئوڭاي ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىدە 500 گە يېقىن مۇشۇ خىل تەلەپپۇزدىكى سۆز بار، ئەگەر يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ياكى ھەرقانداق بىر كىشى مۇشۇ سۆزنى چوڭلار ياكى خوتۇن، بالا ـ چاقاڭلار ئالدىدا خاتا ئوقۇسا نومۇس قىلمامسىلەر؟ ئۈچىنچى، قەدىمكى ئەسەرلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا ھېچقانداق بىر كىشى مېنىڭ قارىشىم جەزمەن توغرا دېيەلمەيدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپلەپ بايقىلىشى ۋە تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن نەرسىلەر يېڭىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىز ئەسلىدىكى يېزىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكان بار ئۆز ئەينى ئىپادىلەشكە تىرىشىشىمىز لازىم. توغرا نەرسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. ئون بىرىنچى، ئەڭ مۇھىم بىر سەۋەبى، ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىنى ئۆگىنىش ئومۇميۈزلۈك قانات يايماقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا خەنزۇلار بىلەن بىرلىكتە يەنە ئون نەچچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەسلىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «q» بىلەن «k» ئايرىم ـ ئايرىم ھەرپ بىلەن يېزىلغان ۋاقىتتا ئۇنى پەرقلەندۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىش شۇنچە تەس تۇيۇلغان يەردە، ئوخشاش بىر «ك» ھەرپىنى بىر يەردە «q» يەنە بىر يەردە «k» ئوقۇيمىز دېسەك، ئۇلارغا تېخىمۇ تەسلىك تۇغۇلامدۇ ياكى ھەممىنى بىراقلا «k» ئوقۇمامدۇ؟ نۇرغۇن مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئۇيغۇرچىنى تازا ياخشى ئۇقمايدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئۆتىدۇ، ئەمما ئۇلار كۆپىنچە خەنزۇچە سۆزلەرنى ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ئەگەر ئۇلار يۇقىرىدىكىدەك ئۆرۈپ يېزىلغان سۆزلەرنىڭ نارەسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۈملىدىن ھېلىقى «ئىلمىي» ئۇسۇل مەستانىلىرىنىڭ سىڭىللىرى ھەتتا خوتۇنى، باللىرى ئالدىدا مىسال قىلىپ خاتا سۆزلىسە قانداق بولىدۇ؟ مەسئۇلىيەت ھېچقاچان ئۇ ئوقۇتقۇچىدا ئەمەس، ھېلىقى «ئىلمىي» ئۇسۇل قوللىنىپ ئۆرۈپ يازغانلاردا. ئون ئىككىنچى، خېلى كۆپ ساۋاقداشلار: «بۇنى تۈركلەرمۇ قوللىنىدىكەنغۇ، بىز قوللانساق بولمامدۇ؟» دېيىشىدۇ. بۇ تامامەن كاللا ئىشلەتمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان سۆز. ئالدى بىلەن بىزنىڭ يېزىقىمىز بىلەن تۈركلەرنىڭ يېزىقى ئوخشىمايدۇ؛ بىزنىڭ ئېلىپبەيىمىز بىلەن تۈركلەرنىڭ ئېلىپبەسى ئوخشىمايدۇ. ئاندىن قالسا تۈركلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىرى قەدىمكى، بولۇپمۇ ئەرەبچە ئەسەرلەرنىڭ ئۆرۈپ يازغاندا «ق»نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەممىسى «k»نىڭ ئاستىغا چېكىت قويۇپ يازىدۇ، بۇنداق ئۆرۈپ يېزىشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى تۈركلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتساق، ئۇلار بۇ ئىشنى توغرا قىلمىغان، ھازىر پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق. ئون ئۈچىنچى، تىل ئادىتىنى،

بولۇپمۇ قوللىنىش نىسبىتى تۆۋەن تاۋۇش ۋە سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ناھايىتى تەس. بېيجىڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغىلى 50 يىلدىن ئاشقان ئۇيغۇر خىزمەتداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. ھەر كۈنى تېلېۋىزور، رادىيو ئاڭلايمىز، ھەر كۈنى ئۆلچەملىك بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان خەنزۇ تىلىنى ئاڭلايمىز، ئەمما بىزنىڭ سۆزلىگەن خەنزۇچىمىزدا ھەر زامان «شىنجاڭچە»، «ئۇيغۇرچە» پۇراق بار، نېمە ئۈچۈن بىز خەنزۇچىنى شىنجاڭدا ئۆگىنىشكە باشلىغان، شۇڭا شۇ ئادەت ساقلانغان. ئەكسىچە، بالا ۋاقتىدا ياكى ياش ۋاقتىدا بېيجىڭدا خەنزۇچە ئۆگەنگەنلەردە «شىنجاڭچە»، «ئۇيغۇرچە» پۇراق يوق ياكى ئاز، سەۋەب ئۇلاردا ئۇ ئادەت بۇرۇن يېتىلمىگەن. مەن 1993 ـ يىلى گوللاندىيەدە كاندىدات دوكتورلۇق ماقالەمدە بۇ خىل تىل ئادىتى ئۈستىدە توختالغان. مەن تۈركىيەگە ئوقۇشقا بېرىپ ئىككى يىل تۇردۇم. تۈركىيەدە ئىككى مۇھىم مەھەللىنىڭ ئىسمى بولۇپ، تۈركچە يېزىلىشى بىرىنىڭ قادىكۆي (Kadıköy) يەنە بىرىنىڭ باقىركۆي (Bakırköy). كۆپ قىسىم تۈركلەر بۇ ئىككى ئىسىمنى قادىكۆي، باقىركۆي دەپ توغرا تەلەپپۇز قىلىسىمۇ، لېكىن قىسمەن تۈركلەر توغرا تەلەپپۇز قىلمايدىكەن. تۈركىيەدە ئۇزاق ۋاقىت ياشىغان، ھەتتا شۇ مەھەللىدە بەش يىلدىن ئارتۇق ياشىغان ئۇيغۇرلارمۇ يۇقىرىدىكى ئىككى ئىسىمنىڭ تۈركچە يېزىلىشىنى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبە قائىدىسى ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە ئوقۇش ئادىتىگە ئاساسەن كادىكۆي (Kadiköy) يەنە بىرى بەكىركۆي (Bäkirköy) دەپ تەلەپپۇز قىلىدىكەن. مەن ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىلا مېنىڭ مۇئەللىمىم مەھمەت ئاقالىندىن نېمە ئۈچۈن تۈركلەرمۇ بۇنى خاتا ئوقۇيدۇ؟ دەپ سورىغان. مۇئەللىم «تىل كەينى سوزۇق بىلەن كەلسە ‹ق›، تىل ئالدى سوزۇق بىلەن كەلسە ‹ك› ئوقۇلىدۇ، بۇ قائىدىنى ھەممە كىشىنىڭ بىلىپ كېتىشى ناتايىن، شۇڭا خاتا ئوقۇيدىغانلارمۇ بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، خاتا ئوقۇلۇشنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئادەتنى ئۆزگەرتمەك تەس. ھازىر بەزى ياشلارغا ئۇيغۇرچە ماقالە ۋە ئەسەر پەقەت ئىلمىي ئەمەستەك، پەقەت چەت ئەلچە يېزىقتىكى ئەسەر ئىلمىيدەك كۆرۈنىدىكەن، شۇڭا يۇقىرىدىكى مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك 23 يىل بۇرۇن ئېنگلىزچە يازغان ماقالەمدىكى مۇناسىۋەتلىك بىر ئابزاس مەزمۇننى قايتا بايان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم①:

Sounds of lower frequency are more easily confused than those of higher frequency. This is true not only in the older Turkic languages , but in the modern ones as well. For instance , if your ask a Uyghur speaker today to pronounce /a/ or /u/ , he will have not trouble pronouncing it immediately. But if you ask him to pronounce /e/ , he may not recognize so readily the sound you mean. In Istanbul most people pronounce the place name Kadıköy and Bakırköy as a [qadıköy] and [baqırköy] , although some native speaker pronounce it as [kadiköy] and [baqirköy] , When I asked may Turkish teacher which pronounciation is correct , he told me [qadıköy] and [baqırköy]. He explained that the confusion was a result of the writing system which does not distinguish between the two different pronunciations. It is recognized by the rules of sound harmony that k [q] occure in the stem of with the back vowel(s) in a word while k[k] appear ni the stem of with the frontal vowel in a word ; if the people who do not know this rule then he or she made confused. However , /q/ in modern Turkish appear with the back vowel but is a very low frequency consonant , while /k/ occure with the frontal vowel but is higher in frequency , the latter being generally easier for Turkish speakers to distinguish. Phonemes of high frequency are less like to be confuced by native speakers than phonemes of low frequency.

① تۆۋەندىكى مەزمۇن ئۈچۈن ئاپتورنىڭ گوللاندىيە ئۇترەخت ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كاندىدات دوكتورلۇق ماقالىسى ۋە «گېلېك شىمالى ئېيەندىم توغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق خاتىرىسى ماقالىلەر توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999، 313 ـ 384 بەتكە قارالسۇن. ماقالىنىڭ تېمىسى:
Muhāmmātrehim Sayit : A Phonoligical Analysis of Rabghuzis .s Qisasul - Anbiya , 313-384 (Doctoral Thesis).

يۇقىرىدىكى مەزمۇندىن كۆرۈلگەندەك، 25 يىل بۇرۇن تۈركىيەدە تۈركلەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىككى تاۋۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. ئۇلارنىڭ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشىدىكى تۈپ سەۋەب تىل قائىدىلىرىنى ھەممە كىشىنىڭ بىلىپ كېتىشى ناتايىن. تۈركلەردە بىر ھەرپنى ئىككى خىل ئوقۇيدىغان قائىدە بولۇپ تۇرۇقلۇق ئارىلاشتۇرۇپ قويغان يەردە، بىزدە ئىككى خىل ئوقۇيدىغان قائىدە يوق، ئەكسىچە «ق»نى «ق»، «ك» نى «ك» ئوقۇيدىغان ئادەت بار. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئاسپىرانت ۋە دوكتورانت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا، ياشلىرىمىز ھاياجان، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلماي، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى لازىم. مۇنداق بىر گەپ بار ئىكەن: بىر كىشى ياۋروپاغا ئوقۇغىلى بارسا خوجىسى بىلەن خام پىۋىنى بەسلىشىپ ئىچىدىكەن، شىنجاڭغا قايتىپ كەلسە، ئىمام بىلەن جايناماز تالىشىدىكەن. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. قارىغۇلارچە دورايدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋېلىش ياخشى ئەمەس. قىلغان ئىشىمىز خەلققە، تەتقىقاتىمىز پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم. شۇڭا، بىز بۇ ئەسەرنى ئۆرۈپ يېزىشتا ئەسلىدە قوللانغان بويىچە «ق» بىلەن «ك»نى پەرقلىق ھەرپ بەلگىسى بىلەن ئۆرۈپ يازدۇق.

بۇ قېتىم تۈزىتىلگەن ئاساسىي مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە: ئۇزاق يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىدە بەزى سۆزلەرنىڭ ئىلگىرىكى شەكلىنىڭ ئانچە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى بىلىندى. بۇنداق سۆزلەرمۇ بۇ قېتىمقى نەشرىدە تۈزىتىلدى. مەسىلەن، ئىلگىرى «özländürdilär» (AY 12/13) دەپ ئېلىنغان بۇ سۆز ھازىر «yüzländürdilär»[①] دەپ تۈزىتىلدى؛ ئىلگىرى «tüzüdä» (AY 13/20) دەپ ئېلىنغان سۆز ھازىر «tözüdä» دەپ تۈزىتىلدى.

ئالدىنقى نەشرىدە لاتىنچە ئۆرۈپ يېزىشتا مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاساسەن توغرا يېزىلغان، شۇڭا بۇ قېتىم بەك ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىدۇق. پەقەت ئۆزىمىزنىڭ بولۇپمۇ نەشرىيات ئورۇنلاشتۇرغان ئۆز ۋاقتىدىكى خەت ئۆرگۈچى، بىلگىساياردا بەت ياسىغۇچىنىڭ سەۋەنلىكىدىن 200 دىن ئارتۇق ئەسلىي توغرا يېزىلغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا خاتالىق سادىر بولغان، بۇ خاتالىقلارمۇ بۇ قېتىمقى نەشرىدە تۈزىتىلدى. مەسىلەن، ئىلگىرى «ıltrıqlıq» (AY 14/16) دەپ يېزىلغان، ھازىر «yalt(ı)rıqlıq» دەپ تۈزىتىلدى؛ ئىلگىرى «tö trülmiş» (AY 14/20) دەپ ئېلىنغان، ھازىر «kö trülmiş» دەپ تۈزىتىلدى.

چەت ئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆزلەرنىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى قىيىن بىر مەسىلە بولۇپ، ئۆتكەنكى نەشرىدىمۇ مەسىلە كۆپ ئىدى. بۇ قېتىم بەزىلىرى تۈزىتىلدى، بەزىلىرى ساقلاپ قېلىندى. بولۇپمۇ بەزىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى تىل كەينى سوزۇقلۇق كەلگەن، بۇلارنى ئىمكان بار تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى بويىچە ئېلىندى. مەسىلەن، buşi p(i)ramıtlığ (AY 217/7)، şarirliğ (AY 176/5).

ئالدىنقى نەشرىدە چەت ئەل تىللىرىدىن، بولۇپمۇ سانسكرىتچىدىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك» ياكى «گ»نى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ ـ بەلگە بار سۆزنى ياكى شۇ ھەرپ ـ بەلگە بار بوغۇمنى ئاساسەن مەنبە تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلغان. بۇ قېتىممۇ يەنىلا ئاساسەن چوڭ تۈزىتىش كىرگۈزمىدۇق. ئاساسىي سەۋەب، بىز شۇ سانسكرىتچە سۆزلەرنىڭ مەنبەسىنى كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا ئەسلىي تىلدا «ئە» ياكى «ئۆ» ۋە «ئۇ» تاۋۇشى كۆرۈلمىگەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ قېتىمقى تۈزىتىشتە يەنىلا «ئە» ئالماي، «ئا» بىلەن ئالدۇق. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە «rätnängkäri» (AY 173/18) ئېلىش مۇۋاپىق، ئەمما بىز ئەمەلىيەتتە

① دوكتور نىجات سوپىنىڭ ئەسكەرتىشىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ غۇلجا دىئالېكتىدا بۇ سۆزنىڭ «-üzländür» شەكلىمۇ ساقلانغان. نىجات سوپىنىڭ «ئۇيغۇر تىلى غۇلجا ئېغىزى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق دوكتورلۇق ماقالىسىگە قارالسۇن. بۇ سۆزنىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى ۋە مەنىسى ھەققىدە يەنە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

«ratnangkarı» شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە «költi» (AY 185/15) ئېلىش مۇۋاپىق، ئەمما «koltı» (AY 185/15) شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق.

ئالدىنقى نەشرىدە بەزى كىرمە سۆزلەرنى تەركىبىدە «ك» بار دەپ قاراپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇندۇرۇپ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى، يەنى «ئە» ياكى «ئۆ» ۋە «ئۈ» بىلەن ئۆرۈپ يازغان. بۇ قېتىمقى نەشرىدە بۇ سۆزلەر ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىي سۆزنىڭ ئەسلىي تىلدىكى تاۋۇشلىرىغا يېقىنراق قىلىپ ئۆرۈپ يېزىلدى. مەسىلەن، ئالدىنقى نەشرىدە بەزىدە «sängäräm» دەپ ئۆرۈپ يازغان سۆزنى بۇ قېتىم sangaram دەپ[①] تۈزىتىپ ئالدۇق. چۈنكى، ئالدىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەندەك، ئەسلىي تىلدا بۇنداق سوزۇق تاۋۇش يوق. بىز ئىمكان كىرمە سۆزلەرنىڭ مەنبە تىللاردىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتمەسلىكى ھەم بار تاۋۇشلارنى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا بويسۇندۇرۇپ ئالدۇق، بۇ خىل ماسلىشىش پىرىنسىپىدا ھەر بىر سۆزنىڭ باش بوغۇمى ياكى ئالدىنقى بوغۇمى ئاساس قىلىندى. مەسىلەن، imaxu دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى ئەسلىي تىلدىكى تاۋۇش ئۇيغۇرچە بىلەن ئوخشاش بولغاچقا ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىندى (بەزىلەر «ımaxu» ئالغان، بىزنىڭچە مۇۋاپىق ئەمەس)، يەنە «budıst(ı)w» دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇيغۇرچىدىكى «ئۇ» بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۆز ئەينى ساقلاپ قېلىندى، ئەمما كېيىنكى بوغۇمدىكى تار سوزۇق ئالدىنقى بوغۇمغا تىل ئارقىسى جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ، تىل ئارقا تار سوزۇق بىلەن ئۆرۈپ يېزىلدى. يەنى كىرمە سۆزلەردە باش بوغۇم ئاساس قىلىنىپ، كېيىنكى بوغۇم باش بوغۇمغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ئېلىندى. قوشۇمچە قوشقاندا ئاخىرقى بوغۇمنىڭ سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ماسلاشتۇرۇش ئۆلچىمى قىلىندى.

بەزى سۆزلەرنىڭ باش قىسمى ئىنچىل تىل ئالدى سوزۇقلۇق بولسىمۇ، يەنە بەزىدە ئاخىرىغا تىل كەينى سوزۇقلۇق قوشۇمچە قوشۇلغان. مەسىلەن، «mındın ülgü täng yöläşuruğ» (AY177/17)، «äzrua-liğ» (AY85/5) (تۈزىتىپ «azrua-liğ» (AY85/5)). بۇنداق سۆزلەرنى قول يازمىدا يېزىلغان شەكىللىرى بويىچە ئېلىندى. بۇنداق ئەھۋالدا بەزىلىرى تۈزىتىلدى، بەزىلىرى تۈزىتىلمىدى.

يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە بەزى سۆزلەرنىڭ باش قىسمى ئىنچىل تىل كەينى سوزۇقلۇق بولسىمۇ، يەنە بەزىدە ئاخىرىغا تىل ئالدى سوزۇقلۇق قوشۇمچە قوشۇلغان. مەسىلەن، «angın-däki» (AY36/15) بۇنداق سۆزلەرنى قول يازمىدا يېزىلغان شەكىللىرى بويىچە ئېلىندى. ئوخشاشلا بۇنداق ئەھۋالدا بەزىلىرى تۈزىتىلدى، بەزىلىرى تۈزىتىلمىدى.

كىرمە سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشنى ئۆرۈپ يېزىشتا ئىپادىلەشتە زىددىيەتلىك مەسىلىلەر، يەنىلا تۈزىتىشكە تېگىشلىك ياكى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ تەتقىق قىلىشقا مەسىلىلەر خېلى كۆپ، ئەمما بۇ قېتىم نەشر قىلىشقا ئالدىراپ قالغاچقا يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئاددىيلاشتۇرۇپ مۇنداق بىر تەرەپ قىلىندى.

سۆز بېشىدا ئېنىق سوزۇق تاۋۇش ئىپادىلەيدىغان ھەرپ ـ بەلگە يېزىلغان بولسا، بۇلارنى شۇ تاۋۇشنىڭ ئەسلى تىلدىكى يېزىلىش شەكلىگە ئاساسەن «ئا» (a)، «ئى» (i)، «ئو» (o)، «ئۇ» (u) قاتارلىق تۆت تاۋۇشنىڭ بىرى بىلەن ئېلىندى [ يەنى «ئە» (ä)، «ئۆ»(ö) ، «ئۈ» (ü) قوللىنىلمىدى ].

ئەگەر سۆزنىڭ بېشىدا سوزۇق تاۋۇش يېزىلماي، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپ ـ بەلگىسى يېزىلغان بولسا، يەنىلا كىرمە سۆزنىڭ ئەسلىي مەنبەسىدە يېزىلىشىغا ئاساسلىنىپ، يۇقىرىدىكى «ئا» (a)، «ئى»

① شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەرەب ـ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردە سۆز ئۈزىكى بولۇپمۇ، سۆز ئاخىرىدا كەلگەن دىماق تاۋۇشى «ڭ» (بەزىدە ـــنگ/ŋ ياكى ng)نىڭ ئاخىرىغا كۆپىنچە تىل كەينى سوزۇقلۇق قوشۇمچىلار قوشۇلغان. بۇ مىساللارمۇ بۇ سۆزنىڭ «sangram» ئېلىنىشىنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

(i)، «ئو»(o)، «ئۇ» (u) بەش تاۋۇشنىڭ قايسى يېقىن بولسا، شۇنىڭ بىرى تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ بېرىلىدى، مەسىلەن «d(a)rnı» (AY 482/15).

ئەگەر سۆزنىڭ بېشىدا سوزۇق تاۋۇش يېزىلىپ، ئوتتۇرا ياكى كېيىنكى بوغۇملىرىدا يېزىلمىغان بولسا شۇ يېزىلمىغان سوزۇق تاۋۇشنى ئالدىدىكى يېزىلغان تاۋۇشقا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىندى. يەنى ھەر بىر يېزىلمىغان سوزۇق تاۋۇشنى شۇ يېزىلمىغان تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى يېزىلغان تاۋۇشنىڭ خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېلىندى. مەسىلەن، «budıst(ı)wlar» (AY 484/10).

ئەگەر سۆزنىڭ تەركىبىدە «ك» ياكى «گ» ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولسا ۋە شۇنىڭ ئارقىسىدىلا سوزۇق تاۋۇش يېزىلمىغان بولسا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى تارسوزۇقلۇق بولغاچقا «ئى» (i) بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، «pir(a)wı» (AY 48221). بىز «ş(i)lokin» (AY 533-1) دېگەن سۆزنى ئالساق، بىرىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش يېزىلمىغان، مەنبە تىلدىكى تەلەپپۇزغا سېلىشتۇرغاندا «ئا» (a)، «ئى» (i)، «ئو» (o)، «ئۇ» (u) دىن ئىبارەت تۆت سوزۇق تاۋۇش ئىچىدە ئەڭ يېقىن كېلىدىغىنى «ئى» (i)، ئىككىنچى بوغۇمدا بىر لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش يېزىلغان بولۇپ، مەنبە تىلدىكي تاۋۇش «ئو» (o) ياكى «ئۇ» (u) غا يېقىن، ئۇيغۇر تىلىدا «ل» (l) دىن كېيىن كەلگەن سوزۇق تاۋۇش نىسپىي كەڭ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، شۇڭا «ئو» (o) ئالدۇق، سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىدا «ك» (k) تاۋۇشى بولۇپ، شۇڭا شۇ «ك» (k) دىن كېيىن كەلگەن سوزۇقنى تىل ئالدى «ئى» (i) بىلەن ئالدۇق. قالغان مىساللارمۇ مۇشۇ بويىچە ئېلىندى. يەنە مىسال ئالساق، «kawşikiya» سۆزنىڭ باش بوغۇمىنىڭ ئالدىدا «ك» (k) كەلگەن بولسىمۇ، شۇ كىرمە سۆزنىڭ مەنبەسى چەت ئەل تىلىدا «ئە» قوللىنىلمىغانلىقى ئۈچۈن «ئا» (a) بىلەن ئېلىندى، ئىككىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنى بىرىنچى بوغۇمنىڭ تىل كەينى سوزۇققا ماسلاشتۇرغاندا تىل كەينى بولۇشقا تېگىشلىك، ئەمما «شى» (şı) بوغۇمىدىن كېيىنلا «كى» (ki) بوغۇمى كەلسە، بۇنداق ئەھۋالدا تار سوزۇق تاۋۇش تىل ئالدى تاۋۇشلۇق خۇسۇسىيەتكە مايىللىقى يۇقىرى بولىدۇ، شۇڭا بىز بۇ سۆزنى «kawşikıya» دەپ ئۆرۈپ يازماي، «kawşikiyä» دەپ يازدۇق، چۈنكى ئاخىرىدىكى «-yä» ئۇيغۇرچە تەركىب بولغاچقا ئالدىدىكى بوغۇمدىكى «i» غا ماسلاشتۇرۇلدى.

كىرمە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك» ياكى «گ» بولسىمۇ ئەمما سوزۇق تاۋۇش يېزىلغان بولسا ئوخشاشلا «ئا» (a)، «ئى» (i)، «ئو» (o)، «ئۇ» (u) قاتارلىق بەش تاۋۇشنىڭ بىرى بىلەن ئېلىندى (يەنى «ئە» (ä)، «ئۆ» (ö)، «ئۈ» (ü)، قوللىنىلمىدى). مەسىلەن، makri (AY 482/18).

بەزى سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى تېخىمۇ مۇرەككەپ. مەسىلەن، «asankilarığ» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىكى كىرمە سۆز ۋە ئاخىرىقى بوغۇمدا «ك» (k) بار، شۇڭا «ك» (k) بار بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش «تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش خاراكتېرلىك» بولۇشى لازىم، ئەمما ئەسلىي تىلدا «ئە» (ä) يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇغەتتە بۇ سۆزنىڭ باشتىكى ئىككى بوغۇمى «اسان» (asan)، دەپ يېزىلغان، بۇ كىرمە سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا «ك» (k) بار، شۇڭا «kı» دەپ يازماي، «ki» دەپ يازدۇق، بۇ كىرمە سۆزنىڭ ئۆزىكىنى «asanki» دەپ ئۆرۈپ يازدۇق، ئەمما قوشۇمچىنىڭ ئاخىرىدا «غ» (ğ) بار، شۇڭا ئىككى قوشۇمچىنى «تىل ئارقىسى سوزۇق تاۋۇش خاراكتېرلىك «-larığ» دەپ ئالدۇق.

ئەسلىي قول يازمىدا بەزى ئېنىق بىر سۆز بۆلۈپ يېزىلغان، بىز قوشۇپ ئۆرۈپ يازدۇق. مەسىلەن، «bälgürtm-ä» (AY 38/13) ئايرىپ يېزىلغان بىز قوشۇپ «bälgürtmä» (AY 38/13) شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق.

ئەسلىي قول يازمىدا ئومۇمەن بىر سۆزنىڭ ئارقىسىغا ئۇلانغان ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئايرىپ ياكى بىر نەچچىگە بۆلۈپ يېزىلغان. بىز بىردەك تۈزىتىپ قوشۇپ يازدۇق ۋە ئارىغا

سىزىق قويمىدۇق. مەسىلەن، «burqan-lar-nıng» (AY 38/16) ئايرىپ يېزىلغان، بىز قو-
شۇپ «burqanlarnıng» (AY 38/16) شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق، «kälmiş-lär» (AY 39/10) ئايرىپ يېزىل-
غان بىز قوشۇپ «kälmişlär» (AY 39/10) دەپ ئۆرۈپ يازدۇق. ئىلگىرىكى نەشرىدە بۇ خىل ئەھۋالغا
ئېتىبار بېرىلگەن، ئەمما قىسمەن مەسىلىلەر ساقلانغان، بۇ قېتىم ئىمكان بار تۈزىتىپ ئالدۇق.

ئەسلىي قول يازمىدا بەزى ئېنىق ئىككى سۆز قوشۇپ يېزىلغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە
قوشۇمچىلىق ياسالما سۆز ۋە بىرىكمىلىك ياسالما سۆز قوشۇپ يېزىلغاندىن باشقا سۆزلەر قوشۇپ يېزىل-
مايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچى مۇناسىۋەتتە ياكى رەۋىش دەرىجىلىرى بىلەن سۈپەت-
لەرنىڭ قوشۇپ يېزىلغانلىرىنى ئايرىپ ئۆرۈپ يازدۇق. مەسىلەن، «angilki» (AY 39/5) شەكلىدە قوشۇپ
يېزىلغان، بىز ئايرىپ «ang ilki» شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق، «tipdisär» (AY 42/14) شەكلىدە قوشۇپ
يېزىلغان، بىز ئايرىپ «tip disär» شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق، «ongtiz» (AY 132/2) قوشۇپ يېزىل-
غان، بىز ئايرىپ «ong tiz» (AY 132/2) دەپ ئۆرۈپ يازدۇق. ئىلگىرىكى نەشرىگە تەييارلاشتىمۇ مۇشۇ
پرىنسىپ ئۆلچەم قىلىنغان. شۇڭا، مۇشۇ ئۆلچەمگە چۈشمىگەنلىرى تۈزىتىلدى.

سۆز ئۈزەكلىرى بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ يېزىلىشىمۇ ئانچە ئۆلچەملىك ئەمەس، شۇڭا بىز يېزىقنى
ئۆلچەم قىلماستىن بىر سۆزنى ئۆلچەم قىلىپ، بىر سۆز نەچچىگە بۆلۈنۈپ يېزىلىشتىن قەتئىي نەزەر
ئۇنى بىر بىرلىك، يەنى بىر پۈتۈنلۈك شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق، بىر سۆزگە قوشۇلغان قوشۇمچىلار يې-
زىقتا ئايرىپ يېزىلغان بولسىمۇ بىز ئەلبەتتە بىر سۆزگە تەۋە بارلىق قوشۇمچىلارنى سۆزگە قوشۇپ ياز-
دۇق. مەسىلەن، يېزىقتا «ötlärgä tägi» (AY 514/6) يېزىلغان بولسىمۇ، بىز «öt lär gätägi» شەكلىدە
ئۆرۈپ يازدۇق.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «د» بىلەن «ت» ھەرپ جەھەتتىن پەرقلىق يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەرپ
ئىپادىلىگەن تاۋۇشنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭدىن روشەن پەرق ھېس
قىلماق ناھايىتى تەس، يەنى يېزىلغان «د» ياكى «ت»نىڭ ئەسلىي شۇ تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلالىشى ناتا-
يىن. بۇ جەھەتتە رەھمەتلىك پىروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ ئەپەندىم ھايات ۋاقتىدا، ھەر ئىككىمىز كۆپ
مۇلاھىزە قىلىپ، مۇنداق ئورتاق كۆز قاراشقا كەلگەن: بۇ ئىككى ھەرپ ئىپادىلىگەن تاۋۇشنى ئىپادىلەش-
تە سۆز يىلتىزلىرىدىكى «د» ياكى «ت» ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى يېزى-
لىشىنى ئۆلچەم قىلىش، سۆز ئۈزەكلىرىگە قوشۇلغان ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىكى بۇ
ھەرپ ئىپادىلىگەن ئەمەلىي تاۋۇشقا ھۆكۈم قىلىشتا تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىنى يەنى ئۇيۇمچانلىقىنى
ئۆلچەم قىلىش مۇۋاپىق. بۇ قېتىمقى تۈزىتىشتە مۇشۇ پرىنسىپ ئۆلچەم قىلىندى. مەسىلەن، ئوخشاش
بىر سۆز بەزىدە «nätäg» (AY 39/6) جاراڭلىق شەكلىدە يېزىلسا، يەنە شۇ ئوخشاش سۆز بەزىدە
«nädäg» (AY 42/4, 51/13) جاراڭسىز شەكلىدە يېزىلغان. بۇنداق ئەھۋال كۆپ. مەسىلەن،
«ad» (AY 48/12)، «at» (AY 2/8)؛ «adruq» (AY 183/7 ,184/21)، «atruq» (AY 183/6 ,184/22)؛ «ät'üz»،
«äd'üz» (AY 43/8 ,AY54/8 ,573/12)؛ «atırmaq» (AY52/18)، «adırmaq» (AY52/17)؛ «andağ»
(AY42/6)، «antağ» (AY 2/14 ,65/4)؛ «ädgü» (AY 398/3)، «ätgü» (AY 398/3)؛ «b(ä)lgürdmä»
(AY42/9)، «b(ä)lgürtmä» (AY42/10)؛ «tidir» (AY 42/9, 48/8, 49/13, 56/5)، «titir» (AY 42/10, 49/15)
«daqı» (AY 49/7)، «taqı» (AY6/23 ,7/10)؛ «dägi» (AY 49/10)، «tägi» (AY 44/12)؛ «tıdıp» (AY22/7)،
«tıtınıp» (AY222/7)؛ «tidir» (AY42/9 ,48/8 ,49/13 ,56/5)، «titir» (AY42/10 ,49/15)؛ «tidtäci»
(AY65/11)، «titdäci» (AY65/5/10)؛ «nomladaçi» (AY)، «nomlataçi» (AY274/22) قاتارلىقلار.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن بۇ ئەسەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەردىن كۆچۈرمە

باغلامچىسى «دەپ» مەنىسىدىكى «tip» بىلەن دائىم بىللە كېلىدىغان «دېدى» مەنىسىدىكى «didi»مۇ ھەر خىل يېزىلغان. ئالدىدىكى سۆز كۆپىنچە «ت» بىلەن يېزىلغان بولسا بەزىدە «د» بىلەن يېزىلغان؛ كەينىدىكى سۆز كۆپىنچە «د» بىلەن يېزىلغان بولسا بەزىدە «ت» بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىدىكى سۆز بەزىدە تار سوزۇق بىلەن «tip tisär» (AY212/14) شەكلىدە، بەزىدە كەڭ سوزۇق بىلەن «täp disär» (AY 211/15) شەكلىدە يېزىلغان.

بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلغان بىر مەسىلە يەككە بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بېشىدا كۆپرەك جاراڭسىز شەكلىدە، مەسىلەن، «tip، täp» شەكىللىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بېشىدا كۆپرەك جاراڭلىق شەكلىدە يېزىلغان. مەسىلەن، «disär». ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ämgäk ،säzgür ،disär ،digän ،dimäŋ ، didi» قاتارلىق كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى، يەنى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش «د» (d)نىڭ ئارقىسىدا كېلىپ بىرىنچى بوغۇم ھاسىل قىلغان «ئە» (ä) ۋە «ئى» (i) سوزۇق تاۋۇشى ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا «iş، iç ،siz ،biz ،yä ،dä» قاتارلىق بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنماي نورمال تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. دېمەك، ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش يەككە بوغۇمنىڭ تەركىبىدە كەلگەندە نورمال تەلەپپۇز قىلىنسا، كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ بوغۇم بېشىدا كەلگەندە ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جاراڭلىقلاشقان تاۋۇشلار ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، مەيلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بەزى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ئادەتتە نورمال تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلگەندە بەزىدە جاراڭسىزلىقتىن جاراڭلىقلىققا نۆۋەتلىشىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ مۇجمەل مەسىلىلەر ئۈستىدە بۇ يەردە كۆپ مۇلاھىزە قىلماي، ھازىرچە يۇقىرىدىكى خۇسۇسىيەتنى ئاساس قىلىپ، بىر بوغۇم بېشىدا كەلگەندە جاراڭسىز، كۆپ بوغۇم تەركىبىدە كەلگەندە جاراڭلىق، يەنى «tip disär» شەكلىنى ئاساس قىلدۇق.

كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغىنى، كۆپلىگەن قول يازمىلاردا جاراڭسىز شەكىلدە كەلگەن «at» ۋە «äşit» سۆزلىرى بۇ نۇسخىدا ئىزچىل جاراڭلىق شەكلىدە «ad» ۋە «-äşid» شەكلىدە يېزىلغان.

ئوخشاشلا كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغىنى قول يازما ۋە باسما نۇسخىلىرىدا ئىزچىل جاراڭسىز «ت» شەكلىدە يېزىلغان «tügäl» سۆزى بۇ نۇسخىدا ئاز كۆرۈلسىمۇ، بەزىدە جاراڭلىق شەكلىدە «dügäl» (AY 258/1) يېزىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەرپلەر ئىپادىلىگەن تاۋۇشنى يېزىلغىنى بويىچە ئۆرۈپ يېزىش ئەقىل قوبۇل قىلمايدىغان بىر ئىش.

ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا «ز» بىلەن «س» ھەرپ جەھەتتىن پەرقلىق يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ ھەرپ ئىپادىلىگەن تاۋۇشنىڭ مەنە پەرقلەندۈرۈش ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتكەندە بۇ باسما نۇسخىسىدا ئۇنىڭ يېزىلىشىنىڭ مۇجمەل ۋە ئارىلاش ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇ خىل مۇجمەللىكنى مەتىنىنىڭ ئۆزىدىكى يېزىلىشىنى سېلىشتۇرغاندىمۇ، ئەسەرنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى بىلەن باسما نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغاندىمۇ پەرق ئەتمەك ناھايىتى ئوڭاي. بۇ ئەسەرنىڭ بىز كۆرۈۋاتقان باسما نۇسخىسىنىڭ يېزىلىشىنى تۈركىيەلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ مۇتەخەسسىسى پىروفېسسور، دوكتور جەۋال قايا (Ceval Kaya)[①] ھازىرلاپ نەشر قىلغان «ئۇيغۇرچە ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى (ترانسكرىپسىيەسى) بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ «ز» بىلەن «س»نىڭ يېزىلىشىدىكى بۇ پەرقنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قولىمىزدىكى باسما نۇسخىسىدا «س» «üsäliksiz» (AY160/22) يېزىلغان ھەرپ قول يازمىدا

① جەۋال قايا (Ceval Kaya): «ئۇيغۇرچە ئالتۇن يارۇق» (Uygurca Altun Yaruk)، ئەنقەرە، 1994 ـ يىلى.

«ز» «üzäliksiz» (CKAY160/22) بىلەن يېزىلغان. شۇڭا، بۇ ئىككى ھەرپ ئىپادىلىگەن تاۋۇشنى ئىپادىلەشتە «مەنە»گە ۋەكىللىك قىلىشى بىلەن تاۋۇشنىڭ ماسلىشىشىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆرۈپ يازدۇق. بۇ جەھەتتە ئايرىم ئىزاھمۇ بەرمىدۇق.

بەزى سۆزلەرنىڭ تۇرلىنىشى ئاز ئۇچرىغاچقا، ئاز بولسىمۇ شۇ كۆرۈلگەن ئورنىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ سۆز يىلتىزىدىكى تاۋۇش قىممىتىنى پەرەز قىلىپ ئالدۇق. مەسىلەن، «پايدا ـ مەنپەئەت» دېگەن سۆز بۇرۇن «tüşü» شەكلىدە ئۆرۈپ يېزىلغان، بۇ قېتىم ئارقىسىغا تىل كەينى سوزۇقلۇق قوشۇمچە بىلەن تۇرلەنگەن «tuşuluğ» (AY 51/18-19)، «tuşularığ» (AY 87/7)، «tuşuqa» (AY 341/14) شەكلىگە ئاساسەن، تىل كەينى شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق، ئەمما بۇ ئەھۋاللارنى داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

باشقا قول يازمىلاردا «ز» (z) نىڭ يېنىغا ئىككى چېكىت قويۇپ «ژ» ( ž ) ئىپادىلەنگەن، ئەمما بۇ باسما نۇسخىسىدا «ز» (z) نىڭ يېنىدا ئىككى چېكىتلىك «ژ» ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ، ئەكسىچە «ژ» ( ž ) ئاساسەن «س» (s) بىلەن يېزىلغان. مەسىلەن، ئەسلي «asun» (AY 542-1) يېزىلغان، بىز «ažun» (AY 542-1) شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق؛ ئەسلي يېزىلغىنى «w(a)zır» (AY 579-1)، بىز «w(a) žır» (AY 579-1) شەكلىدە ئۆرۈپ يازدۇق.

باشقا قول يازمىلاردا «kölüngü» شەكلىدە يېزىلغان بۇ سۆز، بۇ يازمىدا «kölüg» (AY 41/4) شەكلىدە يېزىلغان.

بۇ قېتىمقى نەشرىدە «q(a)l-» دەپ ئالغان بۇ سۆز ئالدىنقى نەشرىدە «قىل-» [q(ı)l-] دەپ ئۆرۈپ يېزىلغان. بۇ سۆزنى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارمۇ ئىككى خىل ئۆرۈپ يازماقتا. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ يېڭى كۆز قارشىمىز قىسقىچە مۇنداق: بۇ قېتىمقى نەشرىدە «قال-» [q(a)l-] دەپ ئۆزگەرتىشىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبى، بىرىنچى «قىل-» (qıl-) دېگەن سۆز بۇ ئەسەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، «قىلماق، ئەتمەك» مەنىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان يازما ۋە باسما ئەسەرلەردە مۇشۇ مەنىدە كەلگەن بۇ سۆزدىكى ھەممە ھەرپ تولۇق يېزىلغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە «قىل-» پېئىلى كۆپىنچە ئەمەلىي ھەرىكەتنى ئىپادىلەپ كەلگەن. بىز بۇ يەردە تەھلىل قىلىۋاتقان «قال-» [q(a)l-] پېئىلىغا كەلسەك، بىرىنچىدىن، مەيلى مۇستەقىل پېئىل بولسۇن، ياكى ياردەمچى پېئىل بولسۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ بۇ «ئالتۇن يارۇق»نىڭ باسما نۇسخىسىدا سۆز ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ يېزىلمىغان. ئىككىنچىدىن، ئۇ بەزىدە يەككە قوللىنىلسىمۇ كۆپىنچە «ınça q(a)ldı» دېگەن بىرىكمە تەركىبىدە «ئۇنىڭ ھالىتى مۇنداق ئىدى»، «ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق ئىدى» دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ، يەنى «تۇرۇۋاتقان ھالەت، قالغان ھالەت»نى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا، بۇنى «قال-» [q(a)l-] يېزىش، «قالدۇق، ھالەت، تۇرۇق» مەنىدە چۈشىنىش مۇۋاپىق. بۇ سۆز بەزىدە يەككە ھالدا «خۇددى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، «q(a)ldı balıq suwındın adırılıp isig qumda ağınamıştäg yirdä ağınayur» (AY 626-11-13) (خۇددى سۇدىن ئايرىلىپ ئىسسىق قۇمغا چىقىپ قالغان بېلىق قۇمدا (جان تالىشىپ) يۇمىلانغاندەك پۇچىلىناتتى). ئەلۋەتتە، بۇ مەسىلە قەدىمكى ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ھەۋەس قىلغۇچىلارنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭ تەتقىقاتىغا موھتاج.

ئەسەرنىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز قىلغۇم كېلىدۇ: ناھايىتى ئاز بولسىمۇ مەملىكەت سىرتىدىكى ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى ئايرىم يولداشلار ماڭا ئۇچۇق قىلىپ: «‹ئالتۇن يارۇق›نى ئۆرۈپ يېزىشتا ئەسلي نېمە ھەرپ يېزىلغان بولسا، شۇنداق ئۆرۈپ يېزىش لازىم» دېدى. مەن بۇنداق دې-

گەن يولداشلارنىڭ «ئالتۇن يارۇق»نى تېخىمۇ ياخشىراق ئۆگىنىشىنى، ئۇنى تارىخى تىلشۇناسلىق بىلىملىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئۆگىنىشىنى، ھازىرقى تۈركىي تىللىرىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى ياخشىراق ئۆگىنىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداقلا ئاغزىغا كەلگەن سۆزنى سۆزلەشتىن بۇرۇن ئازراق بولسىمۇ ياخشىراق ئويلىنىپ ئاندىن سۆزلەشكە ئادەتلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سۆزلىگۈچىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بولۇپمۇ بىز يۇقىرىدا يەكۈنلىگەن ئالاھىدىلىكنى ئوبدان كۆرۈپ باقسا بولىدۇ.

بۇ يېڭى نەشرىدە 80 دىن ئارتۇق ئىزاھات قوشتۇق. بۇلاردىن ئۆرنەكلەر تۆۋەندىكىچە:

ئەسلىي قول يازمىدا مۇھىم مەزمۇن ياكى جۈملىدىن كېيىن «⁘» شەكلىدە تۆت چېكىت قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە نەشرىدە بۇ چېكىتنى قوللانمىدۇق. پىروفېسسور، دوكتور جەۋال قايا (Ceval Kaya) بۇ تۆت چېكىتنى ئىپادىلىگەن. بىز بەزىدە پىروفېسسور، دوكتور جەۋال قايا (Ceval Kaya) نىڭ ئەمگىكى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا پەرق بولغان يەرلەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق. پىروفېسسور، دوكتور جەۋال قايا (Ceval Kaya)نىڭ ئەسىرىدىكى ئەسلىي قول يازمىنىڭ ياپراق ۋە قۇر تەرتىپىنى ئىپادىلىشى بىلەن بىزنىڭ ئىپادىلىشىمىز ئوخشاش بولغاچقا، بۇ پەرقنىڭ قايسى بەت ۋە قايسى قۇر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمىدۇق.

ئەسلىي «arqası» (AY 188/17) دەپ يېزىلغان، تۈركىيەلىك پىروفېسسور دوكتۇر جەۋال قايامۇ «arqası» دەپ ئۆرۈپ يازغان، بىز جۈملىدە كەلگەن مەنىسىگە، بولۇپمۇ بۇ سۆز كۆرۈلگەن ئوخشاش جۈملىنىڭ كۆپ يەردە تەكرارلانغانلىقىغا ئاساسەن «barçası» دەپ ئۆرۈپ يازدۇق.

يەنە بىر سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنى ئىككى خىل ئۆرۈپ يېزىشقا بولىدۇ. بىز ئىلگىرى بۇ سۆزنى «tostuqta» دەپ ئالغان. مەنىسى «توسقاندا، توسۇلغاندا» بولۇپ، ئالدىدىكى ئىسىم بىلەن بىرىككەندە «ämgäkkä tostuqta» بولۇپ، مەنىسى «جاپا ـ مۇشەققەتتە توسۇلغاندا، جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇچرىغاندا» بولىدۇ. جەۋال قايا «tuşduqda» دەپ ئالغان، مەنىسى «چۈشمەك» بولىدۇ، ئالدىدىكى سۆز بىلەن بىرىكىپ «ämgäkkä toşduqta» بولۇپ كەلسە، مەنىسى «جاپا ـ مۇشەققەتكە چۈشۈپ قالغاندا، جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇچرىغاندا» بولىدۇ. ئىككى خىل مەنە مەنتىقە جەھەتتىن يېقىن كەلسىمۇ، يەنىلا جەۋال قايانىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ قېتىم «ämgäkkä toştuqta» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

پىروفېسسور، دوكتور جەۋال قايا بۇ سۆزنىڭ كەينىگە «nom äzügin bildäçi bilgä bilik üzä» دېگەن بىرىكمىنى قوشقان. بىز سەۋەبىنى ئېنىق ئۇقمىغاچقا قوشمىدۇق.

بۇ سۆز ئەسلىي «titmä» دەپ يېزىلغان، ئالدىنقى نەشرىدە «tigmä» دەپ ئېلىنغان، بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل يېزىلىشتا كۆپ ئۇچرايدۇ ۋە ھەر ئىككىسى يېقىن مەنىدە. يەنى ئالدىنقى «titmä»نىڭ سۆز تومۇرى «تىـ ـ» بولۇپ، «دە ـ» دېگەن مەنىدە، ئارقىسىدىكى «ـ ـتـ ـ» مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى، «ـ ـمە» ئىسىمداش، مەنىسى «دېگۈزۈلىدىغان، دەپ ئاتىلىدىغان»؛ كېيىنكى «tigmä»نىڭ سۆز تومۇرى ئوخشاشلا «تىـ ـ» بولۇپ، «دە ـ» دېگەن مەنىدە، ئارقىسىدىكى «ـ ـگمە» سۈپەتداش قوشۇمچىسى، مەنىسى «دېيىلىدىغان، دەپ ئاتىلىدىغان». شۇڭا، بۇ نەشرىدە يەنىلا ئەسلىي قول يازمىدىكى ئىككى خىل شەكلى كەلگەن ئورنىغا قاراپ ئىككى خىل ئېلىندى.

ئەسلىي «lanqanlıq» دەپ يېزىلغان، مەنىسىگە ئاساسەن «lanxualıq» دەپ ئالدۇق.

بۇ سۆزنىڭ يېزىلغان شەكلى «tültäglig/töltäglig»، ئەمما ئالدىنقى نەشرىدە «tol täglig» شەكلىدە ئۆرۈپ يېزىلغان. بۇ قېتىم يېزىلغىنى بويىچە «töltäglig» دەپ ئالدۇق. بۇ سۆزنىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى ۋە مەنىسىنى يەنە ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلىشىنى چېكىتسىز بولسا «uz»، ئەگەر باشتىكى بەلگىنىڭ ئالدىدا چېكىت بولسا «noş» ياكى «nos» دەپ ئۆرۈپ يېزىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسىي زىددىيەت بۇ باسما نۇسخىسىدا ئوخشاش بىر «s» ھەرپىنى بەزىدە «س» (s)، بەزىدە «ز» (z) ئوقۇغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئوخشاش سۆزنى ئىككى خىل ئۆرۈپ يازغان ئەھۋال ئۇچرايدۇ «uz» نىڭ مەنىسى «ئۇز، چىرايلىق، تاتلىق» دېگەنگە ئوخشاش. «noş» سوغدىچە «nwš»دىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «تەم، لەززەت؛ ئەبەدىي، مەڭگۈ». بۇ ئاخىرىدا «س» (s) كەلگەن سۆزنى پىروفېسسور دوكتور جەۋال قايا (Ceval Kaya) ئاساسەن ھەممىنى «noş» دەپ ئۆرۈپ يازغان. يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، خېلى كۆپ يەردە «uz» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىر«ز» (z) بىلەن يېزىلغان، بۇنداق ئەھۋالدا جەزمەن «uz» ئوقۇيمىز، «noş» ئوقۇمايمىز.

بۇ قېتىمقى تۈزىتىش جەريانىدا يەنە خېلى بىر قىسىم مۇجمەل مەسىلىلەر ساقلىنىپ قالدى. بۇنى كېيىنكىلەر تەتقىق قىلغاي.

مەرھۇم پىروفېسسور تۇرسۇن ئايۇپ بىلەن ئىككىمىز بۇ ئەمگەكنى ھازىرلاپ نەشرگە بەرگەندىن كېيىن تۈركىيەدە دوكتور جەۋال قايا (Ceval Kaya) ئەپەندىم «ئۇيغۇرچە ئالتۇن يارۇق» (UYGURCA ALTUN YARUK) نىڭ قول يازمىسىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى ۋە سۆزلۈكىنى نەشر قىلغان. ئالدىنقى ئۇيغۇرچە نەشرىدە بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. بۇ قېتىمقى تۈزىتىش جەريانىدا بىز پىروفېسسور، دوكتور جەۋال قايا (Ceval Kaya)نىڭ «ئۇيغۇرچە ئالتۇن يارۇق» (UYGURCA ALTUN YARUK) نىڭ ئۆرۈپ يېزىلىشى بىلەن باشتىن ـ ئاخىرى سېلىشتۇرۇپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭ قول يازمىغا ئاساسەن تولۇقلىغان تەرەپلىرىدىن پايدىلاندىم، ئۇ تولۇقلىغان بەتلەرنى بىز شۇنىڭ ئەمگىكىگە ئاساسەن ئەسلىگە سېلىشتۇرغان ئاساستا تولۇقلىدۇق. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ قول يازمىغا ئاساسەن ئىشلىگەن ئەمگىكىنىڭ ھازىرقى زامان تۈركچە تەرجىمىسى بولمىغاچقا، خېلى كۆپ مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

ئەسەرنىڭ ئەسلىي قول يازمىسى قولىمىزدا بولمىغاچقا، جەۋەل قايا ئەپەندىمنىڭ ئەمگىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمگىكىمىزنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كۆپ ياردىمى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىروفېسسور دوكتور جەۋال قايا بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىغان تۆت بەت قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن بىزگە ئەۋەتىپ بەردى، يەنە باشقا كېرەكلىك بولغان ئون بەت قول يازمىنىڭ كۆپەيتمىسىنى ئەۋەتىپ بېرىپ بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ھەقىقىي قوللاپ ياردەم قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تۈركىيەلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىلىرىدىن مەھمەت ئۆلمەز (Mehmet Ölmez) ئۆرنەك ئۈچۈن بىزنى بۇ ئەسەرنىڭ بىر نەچچە پارچە قول يازما كۆپەيتمە نۇسخىسى بىلەن تەمىنلىدى. مەھمەت ئۆلمەز بۇ يازمىلارنىڭ بېرلىن بىراندېنبۇرگىشې بىلىملەر ئاكادېمىيەسى تۇرپان تەتقىقات مەركىزىنىڭ (Berlin — Brandenburgische Akademie der Wissenschaften,Turfanforschung) ياردىمى بىلەن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىشىمنى تاپىلىغان. بۇلارغا كۆپ رەھمەت.

مەھمەت ئۆلمەزنىڭ ئەۋەتكەن يازمىلار كۆپەيتمىسىنىڭ رەت نومۇرى ۋە ئەسكەرتىشىنىڭ ئۆز ئەينىسى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| 00 giriş u0632 __ seite1.jpg | 1. Kitaptan |
| 00 onsoz Mainz 0084__ seite1.jpg | 01 u0686__ seite1.jpg |

2. Kitaptan
02 u0598__ seite1.jpg
3. Kitaptan
03 u0724__ seite1.jpg
4. Kitaptan
04 u0604__ seite1.jpg
5. Kitaptan
05 u0588__ seite2.jpg
6. Kitaptan
06 u0580__ seite2.jpg
7. Kitaptan
07 u3245__ seite2.jpg
8. Kitaptan
08 u2816__ seite1.jpg
9. Kitaptan
09 u2543__ seite1.jpg
10. Kitaptan
10 mainz0471__ seite2.jpg

Renkli ve tam olan «00 Yazma_AYS_StPt» numarayı şuradan aldım:

St Petersburg yazmasında: Altun Yaruk Sudur'un St. petersburg yazması, ilk sayfa (The caves of one Thousand Buddhas, St. Petersburg 2008 adlı yayından alınmıştır).

Bu sayfa Ceval kaya'nın çalışmasında şuradan: St Petersburg2 (S. 1b.) süü birkeye.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلەت ئابدۇللا

# مەلىكە گۈلبانۇ

بۇنىڭدىن ئۇزاق يىللار ئىلگىرى سەرەنداپ تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە سەرەنداپ شاھ، تەسكەي تەرىپىدە بادەپ شاھ دېگەن ئىككى پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

سەرەنداپ شاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى زۇلىيار ئىكەن. پادىشاھنىڭ ئوڭ قول، سول قول ۋەزىرلىرىنىڭمۇ بىردىن ئوغلى بولۇپ، ئوڭ قول ۋەزىر ئوغلىنىڭ ئىسمى گۇلىيار، سول قول ۋەزىر ئوغلىنىڭ ئىسمى دىلىيار ئىكەن. ئۇلار ئوردىدا بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن.

شاھ ۋە ۋەزىرلەر ئوغۇللىرىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەپتۇ. شاھنىڭ ئوغلى زۇلىيار ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىك، ئوقۇمۇشلۇق ئالىم بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئوغلى گۇلىيار بولسا يەر ئاستىنىڭ سىرىنى بىلەلەيدىغان، قەيەردە قازداق بايلىق بولسا تاپالايدىغان ھەم ئۇستا لەخمىگەر بوپتۇ. سول قول ۋەزىرنىڭ ئوغلى دىلىيار بولسا ئەسكەرىي ئىشلارغا ماھىر، ئۇستا مەرگەن بوپتۇ.

ئەمدىكى گەپنى سەرەنداپ شاھنىڭ قوشنىسى بادەپ شاھتىن ئاڭلاڭ:

بادەپ شاھ ناھايىتى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، يەر - بايلىقى ۋە لەشكىرى ھەددى - ھېسابسىز پادىشاھ ئىكەن. ئەتراپتىكى نۇرغۇن كىچىك بەگلىكلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىكەن. پادىشاھ قىزى گۈلبانۇنى تەخت - سەلتەنەتتىن ئارتۇق كۆرىدىكەن. گۈلبانۇ تەڭداشسىز گۈزەل، زېرەك، ئەدەپلىك بولۇپ، ئۆز ئېلىدىلا ئەمەس، يىراق - يېقىن قوشنا ئەللەردىمۇ داڭقى بار ئىكەن. نۇرغۇن شاھزادە، بەگزادىلەر ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەن. ئۇ يەنە ئاتىسىنىڭ ئەڭ دانا مەسلىھەتچىسى ھەم ئوردىنىڭ ئەڭ چېۋەر رەسسامى، كەشتىچىسى ئىكەن.

مەلىكە گۈلبانۇ ئاق رەختكە گۈل چېكىپ، رەسىم سىزسا، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى تاڭ قالىدىكەن. ئۇ ھەريىلى نورۇز بولغاندا، ئاق رەختكە گۈللەرنى، شاھ ئوردىسىنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى، ئالتۇن راۋاقلارنى، زۇمرەتتەك كۆلنى، كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن چىرايلىق ئاققۇلارنى، باغلارنى، تاغ

باغرىدا ئوتلاپ يۈرگەن كېيىكلەرنى ھەم بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى كەشتىلەيدىغان ۋە ئۇنى نورۇز ئەھلىگە سوۋغا قىلىدىكەن. رەختكە كەشتىلەنگەن سۈرەتلەر كىشىگە خۇددى تىرىك جانلىقتەكلا كۆرۈنىدىكەن. بۇ سوۋغىنى ئالغان كىشى ئۇنى يۇقىرى باھادا سېتىپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن ئالتۇن ـ يامبۇلارنى يوقسۇل ئاۋامغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىكەن.

بىر يىلى شۇنداق نورۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سەرەنداپ پادىشاھلىقىدىن كەلگەن بىر كاتتا سودىگەرنىڭ كۆزى مەلىكە گۈلبانۇ ئىشلىگەن كەشتىگە چۈشۈپ قاپتۇ ھەمدە كۆرۈشى بىلەن تەڭ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇن مىڭ تىللا خەجلەپ ئۇنى سېتىۋاپتۇ. سودىگەر سودىلىقنى توختىتىپ ئۆز ئېلىگە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يولدا بارغۇچە بۇ ئاجايىپ نەپىس سۈرەتنىڭ سەرەنداپ ئېلىدە قانچە پايدا بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ. ئۇ ئاخىر كەشتىنى پادىشاھقا بېرىشنى ھەمدە شۇ ئارقىلىق پادىشاھنىڭ كاتتا تارتۇقلىشىغا ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

سودىگەر تاغۇداۋانلاردىن ئېشىپ ئاخىر ئۆز ئېلىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇدۇل پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. سەرەنداپ شاھى بۇ ئاجايىپ كەشتىلەنگەن سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، سودىگەرنى ئۆزى ئويلىغىنىدىن زىيادە رازى قىپتۇ. سەرەنداپ شاھى بۇ سۈرەتنى ئەتىۋارلاپ ئۆزىنىڭ خاس ھوجرىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتكەن بىر كۈنى شاھزادە ئوردا ئارىلاپ خاس ھوجرىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ تامغا ئېسىلغان كەشتىنى، كەشتىدىكى گۈلبانۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

شاھزادە شۇنىڭدىن كېيىن كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياداپ، چىرايىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپتۇ. بۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىگەن شاھزادە زۇلىيار كىشىگە ئېغىز ئاچالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. شاھزادە زۇلىياردىكى ئۆزگىرىشلەر شاھنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. شاھ كۆڭلىدە شاھزادىگە بىرەر كېسەل چاپلاشقان چېغى، دەپ ئويلاپ، زۇلىيارنى كۆرسەتمىگەن تېۋىپ قالماپتۇ. شاھزادە زۇلىيارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاپتۇ.

سەرەنداپ شاھى ئاخىر شاھزادە زۇلىيارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولغان ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئوغلى گۈليار بىلەن سول قول ۋەزىرنىڭ ئوغلى دىلىيارلار ئارقىلىق شاھزادىنىڭ ئۆز ھوجرىسىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان كەشتىدىكى قىزغا ئاشىق بىقارار بولغانلىقىنى بىلىپتۇ.

سەرەنداپ شاھى بۇنى بىلىپ، ئۇ گۈزەل قىزنى كىچىك توقاللىققا ئېلىش نىيىتىدىن يېنىپتۇ. ئۇ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن باداپ شاھىغا نۇرغۇن دەپىنە ـ دۇنيا بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەپسۇس، ئىش سەرەنداپ شاھىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماپتۇ. ئەلچىلەر قۇرۇق قول «ياق!» دېگەن جاۋابنى ئەكەپتۇ.

شاھزادە زۇلىيار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مېڭىسىدىن دۇد چىقىپتۇ ھەمدە باغرىنى سوغۇق يەرگە يېقىپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھنىڭ غەزىپى كەپتۇ. ئوردا ئەھلىمۇ بىردەك شاھزادىنىڭ ھاياتى، بەختى ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى ئىستەپتۇ. شاھ پۈتۈن ئېلىگە جەڭگە ھازىرلىنىشنى جاكارلاپتۇ. لەكمىڭ ـ لەكمىڭ لەشكەرلەر، سىپاھلار، تاش ئاتارلار، نەيزىۋازلار ھازىرلىنىپتۇ.

سەرەنداپ شاھى خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىنى تاللاپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئەمما تاغ ـ داۋان، دەريالار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باداپ شاھى تولىمۇ كۈچلۈك بولغاچقا سەرەنداپ شاھىنىڭ لەشكەرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كېتىپتۇ.

سەرەنداپ شاھى باداپ شاھىدىن يېڭىلىپ قال-

غاندىن كېيىن، قالدۇق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئې-
لىگە قايتىپ كەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان
شاھزادە زۇليار تاماقتىن قاپتۇ ھەمدە بارغانسېرى
ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ.
ھەممە كىشىنىڭ غېمى شاھزادىدە قاپتۇ. چۈنكى،
سەرەنداپ شاھى ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، شاھزا-
دە زۇليار بىردىنبىر تەخت ۋارىسى ئىكەن.

ئوردا ئەھلى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي يۈر-
گەن كۈنلەردە، شاھزادە زۇليارنىڭ دوستلىرىمۇ
ئەندىشىدە قاپتۇ. ئۇلار ئويلا ـ ئويلا ئاخىر كۆڭلە-
گە كەلگەن بىر ئىشنى شاھقا ئېيتىش ئۈچۈن
شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ھەمدە شاھقا:

ـــ ئەي ئۇلۇغ شاھىم، سىز بىزنىڭ ئاتىمىز
ھەم شاھىمىز، شاھزادە بولسا دوستىمىز ھەم
شاھزادىمىزدۇر. شاھزادىمىزنىڭ غەم ئازابى بىز-
نىڭمۇ غەم ئازابىمىزدۇر، ئۇنىڭ ھاياتى، خۇشلۇقى
بىزنىڭمۇ ھاياتىمىز ۋە خۇشلۇقىمىزدۇر. دوستى-
مىزنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىز باداپ
ئېلىگە بارايلى. شاھزادە ئەقىللىك، دانىشمەن.
ئەپسۇسكى، ئاشىقلىق ئۇنى ھازىرقى ھالغا سېلىپ
قويدى. بىرىمىز ئۇستا لەخمىگەر، بىرىمىز تەڭ-
داشسىز مەرگەن. جەڭ بىلەن ئالالمىغان پادىشاھ-
لىقتا پەم ئىشلىتىپ باقايلى. ئىشىمىز ئوڭغا
تارتسا مەلىكە گۈلبانۇنى ئېلىپ كېلەرمىز. ئىشى-
مىز ئوڭغا تارتمىسا، بىللە داردا بولارمىز. شاھ ئا-
تا، بىزگە ئىجازەت بېرىڭ، ـــ دەپتۇ.

سەرەنداپ شاھ نائىلاج ئۇلارغا ماقۇل بوپتۇ.
پۈتۈن ئوردا ئەھلى ئۇلارغا ئاقىۋل تىلەپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئۈچ دوستتىن ئاڭلاڭ:

ئۈچ دوست پۇقراچە كىيىنىپ باداپ ئېلىگە
قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ،
دەريا ـ ئېقىنلارنى كېچىپ ئاخىر باداپ ئېلىگە
كەپتۇ. ئۇلار كېلىپلا مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ
يولىنى قىپتۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇستىباشلىرىنى
يەڭگۈشلەپ، بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ سودى-
گەر قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. گۈليار بىلەن دىليار
دۇكان ئاچسا، زۇليار تاماق ھازىرلايدىكەن.

ئۇلار سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر مەلىكە
گۈلبانۇنىڭ خاس ھۇجرىسىنىڭ ئورنىنى بىلىۋاپ-
تۇ. گۈليار ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇ جايغا يەر
ئاستىدىن بېرىش يوللىرىنى سىزىپتۇ ھەمدە تېزلا
لەخمە كولاشقا كىرىشىپتۇ. لەخمە تېزلا پۈتۈپتۇ.
گۈليار شاھزادىگە:

ـــ شاھزادەم، ھوشيار بولغىن، مەلىكىنى
ئويغىتىۋەتمە، ئۇنىڭ ياستۇقىنىڭ ئۇستىگە ماۋۇ
ئالتۇن ساقىنى قويۇپ قويغىن ھەمدە شەپە چىقار-
ماي قايتقىن، ـــ دەپتۇ.

تۈن نىسپى بولغاندا شاھزادە زۇليار دوستى-
نىڭ بەرگەن ئالتۇن ساقىسىنى ئېلىپ لەخمىگە
چۈشۈپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. گۈليار
بىلەن دىليار شاھزادىنى كۈتۈپ ئەنە كېلەر، مانا
كېلەر دەپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھزادە كەلمىگەنسېرى
ئۇلار ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ.

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە شاھزادە قايتىپ كەپتۇ.
ئۇ ئۆزىنىڭ دېيىشكەن ۋاقىتتا قايتىپ كېلەلمە-
گەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى دوستلىرىغا ئېيتىپتۇ.
ئەسلىدە ئۇ مەلىكىنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتكەنى-
كەن.

مەلىكە گۈلبانۇ سەھەر تۇرۇپ قارىسا، ماموق
ياستۇقىنىڭ ئۇستىدە بىر ئالتۇن ساقا تۇرغۇدەك.
ئۇ ئەتراپقا قاراپتۇ، ئەمما ئەتراپتا ئىنسۇجىن يوق.
مەلىكە بۇ ئىشتىن ھەيران بوپتۇ، ئەمما ئۇ بۇ
ئىشنى باشقىلارغا ئېيتىشنى خوپ كۆرمەپتۇ. ئۇ
ئالتۇن ساقىنى زىبۇ ـ زىننەت سالىدىغان ساندۇ-
قىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپتۇ.

شاھزادە زۇليار ئەتىسى يەنە تۈن نىسپى بول-
غاندا مەلىكە گۈلبانۇنىڭ خاس ھۇجرىسىغا بېرىش-
قا تەييارلىنىپتۇ. دىليار يېنىدىن ئاجايىپ چىراي-

لىق، قارىماققا راستتەكلا كۆرۈنىدىغان، ئالتۇندىن ياسالغان قىزىل گۈلنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە زۇلىيار ئىككى دوستىغا قاراپ:

— ئەي جانجىگەر دوستلىرىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ نېمىشقا بىرىڭلار ئالتۇن ساقا، بىرىڭلار ئالتۇندىن ياسالغان قىزىل گۈل بېرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

دوستلىرى ئۇنىڭغا:

— ئەي شاھزادەم، بۇلار سېنىڭكى. بىز ماڭىدىغان چاغدا شاھ ئالىيلىرى بىلەن خانىش ئايىم بىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ: «باللىرىم، سىلەر شاھزادە ئۈچۈن خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلانغىلىۋاتىسىلەر، سەپىرىڭلار تولىمۇ خەتەرلىك، بۇ ئالتۇن ساقا بىلەن ئالتۇن قىزىل گۈلنى ئېلىۋېلىڭلار. ئالتۇن ساقا شاھزادە باللىقىدا ئوينىغان ساقىسى ئىدى؛ بۇ ئالتۇن قىزىلگۈل بولسا، خانىشنىڭ شاھزادىنىڭ تويىغا تەييارلىغان سوۋغىسى ئىدى. ئېلىۋېلىڭلار، لازىم بولۇپ قالار» دېگەنىدى. زىيادە خىياللاردا بولمىغىن، — دەپتۇ.

شاھزادە دوستلىرىدىن، ئاتا - ئانىسىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، مەلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن لەخمىگە چۈشۈپتۇ. شاھزادە بۇ قېتىممۇ تاڭ سوزۇلگەندە قايتىپ كەپتۇ.

مەلىكە گۈلبانۇ ئويغانغۇدەك بولسا، ھۇجرىسى خۇش پۇراققا تولغان، قارىسا، ياستۇقى ئۈستىدە ئاجايىپ چىرايلىق ئالتۇندىن ئىشلەنگەن قىزىلگۈل تۇرغانىكەن. بۇ ئالتۇنگۈلنىڭ شۇنداق بىر خاسىيىتى بار ئىكەنكى، شاھزادە قايسى بىر قىزغا چىن ئەقىدە باغلىغان بولسا، بۇ گۈل شۇ قىزغىلا خۇشپۇراق تارقىتىدىكەن.

مەلىكە گۈلبانۇ بۇنىڭدىن ھەيران بوپتۇ. ئۇ ھەم ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ ھەم كۆڭلىدە خۇش بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى بىرەر جىن - ئىبلىسنىڭ ئىشىمىدۇ، دەپ كۆڭلى غەش بولغان بولسا، بەلكىم بىرەر ئاشىق يىگىتنىڭ ئىشىدۇ، دەپ ئويلاپ خۇش بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ تۈگۈنىنى يېشىش ئۈچۈن كېچىدە ئۇخلىماسلىقنى قارار قىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى بۇ ئىش يەنە تەكرارلىنىپتۇ. ئەمما بۇ قېتىم مەلىكە گۈلبانۇ شاھزادىنى تۇيۇپ قاپتۇ. شاھزادە قايتىشقا تەمشىلگەندە، مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادىنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدىن تۇتۇۋاپتۇ. شاھزادە مەلىكە تەرەپكە ئۆرۈلۈپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، سەن ئادەممۇ، جىنمۇ؟ بۇ يەرگە قانداق كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە بولغان ئىشلارنى بىرنى قويماي مەلىكىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. مەلىكە شاھزادىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىدىن تەسىرلىنىپتۇ ھەمدە كۆڭلىدە شاھزادىگە نىسبەتەن ئىشق ئوتى يېنىپتۇ.

مەلىكە ئېيتىپتۇ:

— ئەي شاھزادە، ھەرقانداق مەلىكە شەرتسىز جۈپ تاللىماس. مېنىڭ ۋە ئاتامنىڭ شەرتىنى ئورۇنلىيالماي تالاي شاھزادىلەر، پالۋان يىگىتلەر ھالاك بولدى. گەرچە ساڭا مەيلىم بولسىمۇ، ئەمما سەن شەرتلىرىمىزنى ئورۇنلىيالمساڭ، ئاتامنىڭ قىلىچى بويىنۇڭدا ئوينايدۇ، بۇ ماڭىمۇ ئەلەم بولىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى سوۋغىلىرىڭنى ئېلىپ ئېلىڭگە قايتىپ كەتكىن.

شاھزادە مەلىكىدىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بوپتۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، باداپ شاھى ۋە خانىش، ئوردا ئەھلى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بوپتۇ. باداپ شاھى شاھزادە زۇلىيارنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. شاھزادە ئوردىغا بارسا، ئوردىدا شاھ ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن باشقا خانىش ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم - ئۆلىمالار ئولتۇرغۇدەك. مەلىكە بولسا شاھ ئاتىسى بى-

لەن خانىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇدەك. بىر-چاغدا شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي مۆھتەرەم ئوردا ئەھلى، سىلەرگە ئا-يانكى، مەلىكەم مېنىڭ كۆز نۇرۇمدۇر، تەخت ۋا-رىسىمدۇر، ئەمما ئۇ قىز بولغاچقا ئەر ئېلىكىدە بولمىقى بەرھەقتۇر. قانچىلىغان شاھزادىلەر، پال-ۋان يىگىتلەر ئۇنىڭ ئون سوئالىغا توغرا جاۋاب بېرەلمەي، خانىش بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىككى تە-لىپىمىزنى ئورۇنلىيالماي بەزىلىرىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدى، بەزىلىرى زىنداندا بەند بولدى. بۈگۈن بۇ يىگىت ھاياتىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئە-گەر بۇ يىگىت سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرىپ، خا-نىش ئىككىمىزنىڭ تەلىپىمىزنى ئورۇنلىسا، مە-لىكەمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن، ئەگەر سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرەلمىسە، تەلەپلەرنى ئورۇنلىيالمى-سا، زىندانغا بەند قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ھەر قايسىڭلار گۇۋاھ بولغايسىلەر! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەلىكە سوئالنى باشلاپتۇ:

— شۇنداقمۇ كىشى باركى، ئالدىدا لەززەتلىك تائام تۇرسا يېمەي، باشقىلارغا بېرىپ، ئۆزى ئاچ قالىدۇ. ئۇ قانداق كىشى؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ بىلىملىك، ئەمما خەلققە نەسىھەت قى-لىپ، ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان كىشىدۇر. بۇنداق كىشى ئاخىرىدا ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ.

مەلىكە سوراپتۇ:

— يەنە شۇنداق بىر نەرسە باركى، بىر تۆ-شۈكتىن چىقىپ، يەنە شۇ تۆشۈككە كىرەي دېسە، كىرەلمەس. ئۇ نېمە؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپتۇ:

— يامان سۆز. ئېغىزدىن چىققان يامان سۆز-نى پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ يەنە كىرگۈزۈپ ئال-غىلى بولمايدۇ.

مەلىكە سوراپتۇ:

— بىر ئوغلاق دائىم ئانىسىنى ئېمىپ تۇرسىمۇ ئورۇقلار، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئوغلاق كىمە-نى كۆرسىتىدۇ؟

— ئۇ زالىم پادىشاھتۇر، — دەپتۇ شاھزادە، — ئۇ پۇقرالاردىن زۇلۇم بىلەن بايلىق يىغىپ، خەزى-نىسىنى تولدۇرىدۇ. ئەمما ئۇ ھەرگىز قانائەت قىلمايدۇ، ئاخىرىدا مال-دۇنيالىرى ئۇنىڭغا مەن-پەئەت قىلمايدۇ.

مەلىكە سوراپتۇ:

— ئىككى ئاشپەزنىڭ بىرسى ھالال، پاكىز تائاملارنى، يەنە بىرسى ھارام، پاسكىنا تائاملارنى ساتار. ھالال تائام پىشۇرغىنى «مېنىڭ تائاملىرىم پاكىز، ھالال» دەپ ۋارقىراپ ساتسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ تائاملىرىنى يېمەي، پاسكىنا، ھارام تا-ئاملارنىغا يۈگۈرەر. بۇ قانداق كىشىلەر؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، شەرم-ھايا-لىق ياخشى خوتۇنى تۇرۇپمۇ ھاياسىز خوتۇنلارغا يۈگۈرۈپ زىنا قىلىدىغان كىشىلەر.

مەلىكە سوراپتۇ:

— بىر ئانىدىن بولغان ئۈچ پەرزەنتتىن كىچى-كىنىڭ ساقلى ئاپپاق، ئوتتۇرانچىسىنىڭ چار، ئەڭ چوڭىنىڭ بولسا قاپقارا. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدىن؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

— كىچىكىنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ پەرمانىدا ئەمەس، شۇڭا ساقلى ئاپپاق؛ ئوتتۇرانچىسىنىڭ خوتۇنى گاھىدا ئېرىنىڭ پەرمانىدا بولسا گاھىدا ئېرىنىڭ پەرمانىدا ئەمەس، شۇڭا ساقلى چار؛ ئەڭ چوڭىنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ پەرمانىدا ھەم ئېرى بىلەن بارمەسلىھەتتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ساقلى قاپقارا.

مەلىكە سوراپتۇ:

— پادىشاھ ئۈچۈن نېمە ئەڭ ياخشى؟

— پادىشاھ ئۈچۈن ئادالەت ئەڭ ياخشى، بول-

مەسا پادىشاھلار يامغۇرى يوق بۇلۇتقا ئوخشاپ قالار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

مەلىكە سوراپتۇ:

— خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن نېمە ئەڭ ياخشى؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

— خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن ھايا ئەڭ ياخشىدۇر. دانىشمەنلەر ئېيتىدۇكى: «خوتۇن - قىزلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ھايا ۋە ئىپپەتتۇر». ئەگەر ئۇلاردا ھايا بولمىسا، ئېشەككە ئوخشار.

مەلىكە سوراپتۇ:

— بايلار ئۈچۈن نېمە ئەڭ ياخشى؟

شاھزادە جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

— بايلار ئۈچۈن سېخىيلىق ئەڭ ياخشىدۇر. پېخسىق باي خۇددى سۈيى يوق سايغا ئوخشايدۇ.

مەلىكە سوراپتۇ:

— ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمنى يارىتىپ، ئەڭ ئاۋۋال نېمىنى ئەۋەتتى؟

شاھزادە بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بېرىپ دەپتۇ:

— ھەزرىتى ئادەمگە ئەڭ ئاۋۋال ئەقىلنى ئەۋەتتى. ئەقىل كېلىپ ئېيتىپتىكى: «ئەي ھەزرىتى ئادەم، ئاللاھ مېنى ساڭا ئەۋەتتى.» ھەزرىتى ئادەم ئېيتىپتىكى: «ئەي ئەقىل، ئورنۇڭ مېنىڭ قەيەرىمدە بولسا، شۇ يەرگە كېلىپ تۇرغىن. ئەقىل كېلىپ ئادەمنىڭ بېشىدا قارار تاپتى. ئاندىن شەرم - ھايا كېلىپ ئېيتىپتىكى: «ئەي ھەزرىتى ئادەم، ئاللاھ مېنى ساڭا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى.» ئادەم ئېيتىپتىكى: «ئەي شەرم - ھايا، ئورنۇڭ مېنىڭ قەيەرىمدە بولسا، شۇ جايدىن ئورۇن ئالغىن.» شەرم ھايا كېلىپ ھەزرىتى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە قارار تاپتى. ئاندىن مېھىر كېلىپ ئېيتتى: «ئەي ھەزرىتى ئادەم، ئاللا مېنى ساڭا ئەۋەتتى، ئورنۇمنى كۆرسەت». ھەزرىتى ئادەم ئېيتىپتىكى: «ئەي مېھىر، ئورنۇڭنى تېنىمدىن ئۆزۈڭ تاپقىن». مېھىر كېلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن قارار تاپتى. ئاندىن سەۋر كەلدى ۋە ئېيتتىكى: «ئەي ھەزرىتى ئادەم، ئاللا مېنى ساڭا ئەۋەتتى». ھەزرىتى ئادەم ئېيتتى: «ئەي سەۋر، ئورنۇڭ قەيەرىمدە بولسا، كېلىپ تۇرغىن». سەۋر خۇش بولۇپ، ئادەمنىڭ قارنىدىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن ئاللا ھەزرىتى ئادەمگە تۆت نەرسە ئەۋەتتى. ئەڭ ئالدىدا ئۆلۈمنى ئەۋەتتى. ئۆلۈم كېلىپ ھەزرىتى ئادەمگە ئېيتتىكى: «ئەي ھەزرىتى ئادەم، سەن خالا - خالىما ئىگەم مېنى ساڭا ئەۋەتتى. ئورنۇمنى كۆرسەتكىن». ھەزرىتى ئادەم دېدىكى: «ئەي قورقۇنچلۇق ئۆلۈم، سېنىڭ جايىڭ قەيەردە؟» ئۆلۈم ئېيتتى: «سېنىڭ بېشىڭدا». ھەزرىتى ئادەم ئېيتتى: «جايىڭنى ئەقىل ئاپتۇ». ئۆلۈم ئېيتتىكى: «ھەرۋاقىت ئۆلۈم كەلسە، ئەقىل قاچار». ئاندىن تەمە كەلدى ۋە ئېيتتى: «ئەي ئادەم، ئاللا مېنى ساڭا ئەۋەتتى.» ھەزرىتى ئادەم ئېيتتىكى: «ئەي تەمە، سېنىڭ جايىڭ قەيەردە؟» تەمە ئېيتتىكى: «كۆزۈڭدە». ھەزرىتى ئادەم ئېيتتىكى: «جايىڭنى شەرم - ھايا ئاپتۇ». تەمە ئېيتتىكى: «ھەرزامان تەمە كەلسە، شەرم - ھايا كېتەر». ئاندىن ھېرىس كېلىپ ئېيتتى: «ئەي ھەزرىتى ئادەم، ئاللا مېنى ساڭا ئەۋەتتى». ھەزرىتى ئادەم ئېيتتىكى: «سېنىڭ جايىڭ قەيەردە؟» ھېرىس ئېيتتىكى: «مېنىڭ جايىم كۆڭلۈڭدە». ئادەم ئېيتتىكى: «جايىڭنى مېھىر ئىگىلەپتۇ». ھېرىس ئېيتتىكى: «ھەرقاچان ھېرىس كەلسە، مېھىر قاچار». ئاندىن نەپس كەلدى: «ئەي ھەزرىتى ئادەم، ئاللا مېنى ساڭا ئەۋەتتى». ئادەم ئېيتتىكى: «سېنىڭ ئورنۇڭ قەيەردە؟» «مېنىڭ ئورنۇم سېنىڭ قارنىڭدا». ئادەم ئېيتتىكى: «قارنىمنى سەۋر ئاپتۇ». نەپس ئېيتتىكى: «ھەرۋاقىت نەپس كەلسە، سەۋر قاچار». ھەر ئادەمدە بۇ تۆت نەرسە مەۋجۇتتۇر، ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

مەلىكە بۇ جاۋابلارنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىدىن

خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپتۇ. ئەتراپتىكى ھەممە كىشى يىگىتكە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

— مەن ئەڭ ئاخىرقى سوئالىمنى سورايمەن، — دەپتۇ مەلىكە كۈلۈمسىرەپ، — ئەگەر بۇ سوئالىمغا توغرا جاۋاب بېرەلىسىڭىز، مېنىڭ شەرتىم ئورۇندالغان بولىدۇ.

— قېنى سوراڭ، — دەپتۇ شاھزادە زۇلىيار.

— بۇ ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان قانچە خىل ئادەمنىڭ سۈرىتى مۇبەددەل بولغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

شاھزادە ئويلىنىپ قاپتۇ. پۈتۈن ئوردا سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ. مەلىكىمۇ شاھزادە جاۋاب بېرەلمەي قالارمۇ، دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. شاھزادە بىر چاغدا خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بوپتۇ ۋە مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي دانىشمەن مەلىكەم، ئاڭلاڭ، ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان مۇنداق ئون تۈرلۈك كىشىنىڭ سۈرىتى مۇبەددەل بولغان:

بىرىنچىسى، تۈلكە: تۈلكە ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىپ، ھىيلىگەرلىك، كاززاپلىق قىلغاچقا، لەنەتكە ئۇچراپ سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

ئىككىنچىسى، مۈشۈك: مۈشۈك ئەسلىي دوكچى ئادەم ئىدى، ئۇ ھاۋا ئانىغا دوك بېرىمەن دەپ بەرمەي، ھاۋا ئانىنىڭ ئالتۇن زىبۇ - زىننىتىنى ئېلىۋالغان. شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

ئۈچىنچىسى، مايمۇن: مايمۇن ئەسلىدە خوتۇن كىشى ئىدى. خوتۇن كىشىلەردە بولىدىغان ئىشلارنى بىلمىگەنلىكتىن سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

تۆتىنچىسى، توڭگۇز: توڭگۇز ھالال - ھارامنى پەرق قىلمايتتى، ئارتۇق ئېلىپ كەم بېرەتتى. شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

بەشىنچىسى، بۆرە: بۆرە كىشىلەر ئارىسىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى، ھارامزادىلىك قىلىپ ئادەملەرگە ئارام بەرمىدى، شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

ئالتىنچىسى، ئىت: ئۇ تارازىدا خىيانەت قىلغان، شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

يەتتىنچىسى، ئېشەك: ئېشەك كوچا - كويلاردا ھايا قىلمىغان. شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

سەككىزىنچىسى، پىل: ئۇ ھايۋان ئۈستىدە ئىبادەت قىلغان، شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

توققۇزىنچىسى، شاتۇتىدۇر: شاتۇتى ياسانچۇق ئايال ئىدى. ئۇ مېنى كىشىلەر چىرايلىق دېسۇن، دەپ بەدىنىنى باشقىلارغا كۆرسەتكەن، ناشايان ئىشلارنى قىلغان، شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

ئونىنچىسى، ھۆپۈپتۇر: ئۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى، ئەمما بىلىمىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەي ئىچىدە سېسىتىۋەتكەن، شۇڭا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىنغان.

مەلىكە خۇشاللىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بەرگەن جاۋابلىرىڭىز توپتوغرا، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

نۆۋەت شاھقا كەپتۇ. شاھ شاھزادە زۇلىيارغا قاراپ:

— ئەي يىگىت، ھەقىقەتەن دانىشمەن ئىكەنسەن، ئەمدى مېنىڭ تەلىپىمنى ئورۇنلا، — دەپتۇ.

— قۇلۇقۇم سىلىدە، — دەپتۇ شاھزادە زۇلىيار.

— تاغ ئېچكىرىسىدە بىر يەكچەشمە دىۋە بار، كۆپ يىللاردىن بۇيان مال - ۋارانلىرىمىزنى يەپ قۇرۇتتى. كۈنىگە ئوندەك قوي، ئۆچكە، كالا، ئاتلارنى يەپ كېتىدۇ، ھەتتا مالچىلارنىمۇ يەپ كېتىدۇ. ھېچكىم ئۇ مەخلۇقنى يوقىتالمىدى، بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇر، — دەپتۇ شاھ.

نۆۋەت خانىشقا كەپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، قارىماققا ئېسىلزادىلەرنىڭ

پۈشتىمدەك تۇرىسەن، قىزىم سەندىن قانائەت تاپتى، ئۇ ھازىرغىچە مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى، ئەمدى ئاتىسى ئىككىمىزنىڭ شەرتىمىزنى ئورۇنلاپ، بىزنىمۇ خۇشال قىلغايسەن. مېنىڭ شەرتىم شۇكى، بىر خىسلەتلىك ئۆزۈكۈم بار ئىدى، بىر كۈنى دېرىزە ئالدىدا شۇ ئۆزۈكنى تۇتۇپ ئولتۇرغىنىمدا بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ چىشلەپ ئۇچۇپ كەتكەنىدى، ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇ ئۆزۈكنى تاپالمىدۇق. سەن شۇ ئۆزۈكنى تېپىپ بەرگىن.

شاھزادە زۇلىيار ئون كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ، شاھ ماقۇل بوپتۇ.

شاھزادە زۇلىيار ئوردىدىن چىقىپ دوستلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. گۈليار بىلەن دىليار شاھزادە قانداق قىلغاندۇ، دەپ يولىغا تەقەززار بولۇپ تۇرغانىكەن. شاھزادە بولغان ئىشلارنى دوستلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. گۈليار بىلەن دىليار ئۇنىڭغا:

— دوستۇم، غەم قىلما، سەن يالغۇز ئەمەس. ئۇ دىۋىنىڭ يەنە بىر كۆزىنىمۇ كۆرمەس قىلىپ قويىمىز، شۇنىڭدا ئۇ دىۋە ئۆڭكۈردىن چىقالماس بولىدۇ. ئۆزۈككە كەلسەك، قاغىنىڭ ئەلمىساقتىن تاپقان نەرسىسىنى يەرگە كۆمىدىغان ئادىتى بار، ئۇ قاغا ئۆزۈكنى چوقۇم بىر يەرگە كۆمدى، ئۇنى ئىزدەپ تاپىمىز، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچ دوست سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار تاغۇ داۋانلاردىن ئېشىپتۇ، قاراڭغۇ ئورمانلاردىن ئۆتۈپتۇ، ئەمما دىۋە بىلەن ئۆزۈكنى تاپالماپتۇ. تاغدىكى مالچىلار «دىۋە بار» دەيدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيدىكەن.

ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار ئېگىز بىر تاغنىڭ باغرىغا كەپتۇ ھەممە نۇرغۇنلىغان قاغىلارنىڭ تاغ تېرەكلىرىنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ قاقىلداپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بۇ جاينىڭ قاغىلار پادىشاھلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. قاغىلار تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قويۇق چاتقاللىققا قاراپ قاقىلداۋاتقانىكەن. ئۈچ دوست قارىسا، چاتقاللىق ئارىسىدا بىر غار كۆرۈنۈپتۇ. غار ئالدىدا بىر دىۋە ياتقۇدەك. ئۇلار دىۋىنى تاپقىنىدىن خۇشال بولۇشۇپتۇ.

مەرگەن دىليار پەم بىلەن دىۋىگە يېقىنلاپ بېرىپ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، دىۋىنىڭ ساق كۆزىگە قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. يا ئوقى دىۋىنىڭ كۆزىگە دەل تېگىپتۇ. دىۋىنىڭ كۆزى دومىلاپ چۈشۈپتۇ. دىليار دىۋىنىڭ كۆزىنى ئېلىۋاپتۇ. دىۋە غەزەپلىنىپ ئالدىغا ئېتىلىپتۇ، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەچ ياردىن غۇلاپ چۈشۈپ جېنى چىقىپتۇ.

گۈليار غارنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئۆزۈكنى ئىزدەپتۇ ھەممە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزۈكنى غارنىڭ بۇلۇڭىدىكى قاغا كۆمۈپ قويغان جايدىن تېپىپتۇ.

ئۈچ دوست خۇشال باداپ شاھنىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ. شاھزادە زۇلىيار ئىككى دوستىنى ئوردا ئەھلىگە تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە دىۋىنىڭ كۆزى بىلەن خانىشنىڭ خىسلەتلىك ئۆزۈكىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئوردا تەنتەنىگە چۆمۈپتۇ.

باداپ شاھنىڭ ئىككى ۋەزىرىنىڭمۇ بىرىنىڭ بىردىن ناھايىتى گۈزەل قىزى بار ئىكەن. ئوڭ قول ۋەزىر بىلەن سول قول ۋەزىر گۈليار بىلەن دىليارنى قىزلىرىغا لايىق كۆرۈپتۇ. باداپ شاھنىڭ يارلىقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت مەلىكە گۈلبانۇ ۋە ئىككى ۋەزىرنىڭ قىزلىرىنىڭ قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك توي تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ.

باداپ شاھى سەرەنداپ شاھىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ قۇدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سەرەنداپ شاھى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەلچىلەرگە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى بېرىپتۇ ھەممە

ئوردا ئەھكاملىرىنى باشلاپ باداپ ئېلىگە ئەلچىلەر بىلەن بىللە كەپتۇ.

باداپ شاھى ئۇلارنى ناھايىتى زور تەنتەنە، داغدۇغا بىلەن قارشى ئاپتۇ ۋە ئۆتكەنكى ئۇقۇشماسلىقتىن بەھۇدە ئۇرۇش قىلغانلىقىغا ئۆكۈنۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە زۇليار، ۋەزىرزادە گۈليار ۋە دىليارلار قىرىق كېچە ـ كۈندۈزلۈك توي تەنتەنىسىنى تۈگىتىپ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى ئەلمۇ دوستانە ئۆتىدىغان بوپتۇ. «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى» دېگەن ھېكمەت شۇ زامانلاردىن قالغانىكەن.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: غۇلجا شەھىرى سۇ دەرۋازا ئايدىڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابلىكىم ئىمام،
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسول ئۆمەر

# ئالتۇن بېلىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر كەمبەغەل بوۋاي ئۆتكەنىكەن. بوۋاينىڭ بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار دېڭىز بويىدا تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. بوۋاينىڭ بار ـ يوق بىر كونا قېيىقى ۋە بېلىق تۇتىدىغان تورىلا بار ئىكەن. بىراق، بوۋاينىڭ ئوغلى زادىلا قايغۇرماي دائىم دېگۈدەك ناخشا ئېيتىپلا يۈرىدىكەن.

بىر كۈنى بېلىقچى بوۋاي دېڭىزغا تور تاشلاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن تورنى چىقىرىپ قارىسا، توردا بىر ئالتۇن بېلىق تۇرغۇدەك. بوۋاي بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ ۋە ئوغلىغا:

ــ بالام، سەن بۇ بېلىققا قاراپ تۇر، مەن بېرىپ بۇ ئىشنى خانغا مەلۇم قىلاي، خان بىزگە كاتتا ئىنئام بەرسە ئەجەب ئەمەس، ــ دەپتۇ ـ دە، شەھەرگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

بېلىقچى يىگىت بېلىقنىڭ توردا قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا بېلىقنى دېڭىزغا قويۇپ بېرىپتۇ. ئالتۇن بېلىق دېڭىزغا شۇڭغۇپ غايىب بوپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي خان ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ يىگىتكە:

ــ ئالتۇن بېلىقنى بىزگە كۆرسەت، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

بېلىقچى يىگىت ئاۋۋال بېشىنى ئېگىپ خانغا سالام قىپتۇ، ئاندىن:

ــ ئالىيلىرى، بېلىققا رەھىم كېلىپ، ئۇنى دېڭىزغا قويۇپ بەردىم، ــ دەپتۇ. خان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بوۋايغا:

ــ ئەي ھاماقەت، ئەرزىمەس بىر نەرسە ئۈچۈن مېنى شۇنچە ئاۋارە قىلدىڭمۇ؟ دۇنيادا ئالتۇن بېلىقمۇ بولامدۇ؟ ــ دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىرلەردىن بىرسى خانغا:

ــ شاھىم، مەن يۈز يىلدىن ئارتۇق ياشاپتىمەن، لېكىن ئالتۇن بېلىقنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىماپتىمەن، ــ دەپتۇ.

بوۋاي خاننى گېپىگە ئىشەندۈرۈشكە قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خان ئۇنىڭ سۆزىگە زادىلا ئىشەنمەپتۇ.

خان نۆكەرلىرىگە بېلىقچى يىگىتنىڭ قول ـ پۇتىنى باغلاشنى ھەمدە ئۇنى قېيىققا سېلىپ دېڭىزغا قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

خان ئۆز ئىشىدىن خۇرسەن بولۇپ، دەبدەبە بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ. بوۋاي بولسا دېڭىز بويىدا «ۋاي بالام» دېگىنىچە يىغلاپ قاپتۇ. قېيىق تېزلا

كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى بېلىقچى يىگىتتىن ئاڭلايلى:

بېلىقچى يىگىت ھالاك بولدۇم دەپ ئويلاپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ھالاكىتىنى كۈتۈپتۇ. لېكىن، قېيىق توختىماي ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا يىراقتا بىر ئارال كۆرۈنۈپتۇ. كۈچلۈك شامالدا قېيىق تېزلا ئارالغا كەپتۇ. قېيىق دېڭىز قىرغىقىغا كېلىشى بىلەن يېقىن جايدىكى دەرەخ ئارقىسىدىن بىر ياش يىگىت چىقىپتۇ. ئۇ بېلىقچى يىگىتكە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن.

ياش يىگىت كېلىپ بېلىقچى يىگىتنىڭ پۇت-قوللىرىنى يېشىپتۇ ھەمدە يېنىدىن بىر توقاچنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار بىر پادىچى بوۋايغا ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ ئىككى يىگىت بۇ ئارالدا بىزدىن باشقا كىشى يوق، دەپ ئويلايدىكەن. پادىچى بوۋاي ھال-ئەھۋال سوراپ بولۇپ، ئۇلارغا:

— بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقتا چوڭ بىر يۇرت بار. بۇ يۇرتنىڭ خانى چوڭ بەختسىزلىككە يولۇققان. ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر قىزى بار بولۇپ، سۆزلىيەلمەيدۇ، خان خەلققە ئېلان قىلىپ: «قايسى يىگىت قىزىمنى داۋالاپ سۆزلىتەلىسە، شۇ كىشىگە ئەڭ كاتتا ئىنئاملارنى ۋە قىزىمنى بېرىمەن. ناۋادا، سۆزلىتەلمىسە، ئۇ يىگىتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن» دەپ جاكارلىغان. شۇنىڭدىن بېرى كۆپلىگەن نەۋقىران يىگىتلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىدى، — دەپتۇ.

ئىككى دوست ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىر بەخت-تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. ئۇلار خان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئارالدىكى يىگىت بېلىقچى يىگىتكە قاراپ:

— ئاۋۋال مەن بەخت-تەلىيىمنى سىناپ كۆرەي، ئەگەر خاننىڭ قىزىنى داۋالىيالىسام، خان بەرگەن ئىنئاملارنى تەڭ بۆلۈشەيلى، — دەپتۇ. بېلىقچى يىگىت بۇ گەپكە ماقۇل بوپتۇ.

ئارالدىكى يىگىت خان ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. يىگىت ھەرەم ئىشىكى ئالدىدا ئىككى كېنىزەككە يولۇقۇپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى ئېچىنغان ھالدا يىگىتكە:

— ساڭا ئوخشاش نۇرغۇن باھادىر يىگىتلەر خاننىڭ قىزىنى داۋالاشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەزىز باشلىرى ھېسابسىز سۆڭەكلەردىن ياسالغان مۇنارنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. سەنمۇ ئاخىر شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىسەن، — دەپتۇ.

جەسۇر يىگىتنى بۇ ۋەھىمىلىك گەپلەر قورقۇتالماپتۇ. ئۇ دادىللىق بىلەن ھەرەمگە كىرىپتۇ ھەمدە خاننىڭ قىزىنى كۆرۈشى بىلەن تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي گۈزەل مەلىكە، بىز بىر ئاتىدىن ئۈچ ئوغۇل ئىدۇق. بىر كۈنى جاڭگالغا ئوتۇن كەسكىلى باردۇق. ئەڭ چوڭ ئاكام ياغاچنى يونۇپ، بىر گۈزەل قۇش ياسىدى. قۇش شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن ياسالغان ئىدىكى، خۇددى تىرىكتەكلا كۆرۈنەتتى. ئوتتۇرانچى ئاكام دەرەخزارلىقتا يۈرۈپ قۇشلارنىڭ قاناتلىرى ۋە پەيلىرىنى تېپىپ كېلىپ ياغاچ قۇشنى بېزىدى. قۇش تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. مەن بىر سېھىرلىك بۇلاق تاپتىم. قۇشنى شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىگە چۆمۈلدۈردۈم. قۇش تىرىلىپ سايراپ كەتتى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ھەممىمىزلا «قۇش مېنىڭ» دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئارىمىزدا جېدەل قۇرىمىدى. ئەي گۈزەل قىز، سېنىڭچە بۇ قۇش كىمگە تەئەللۇق؟ بىزنىڭ جېدىلىمىزنى ئايرىپ قويسىڭىز.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قىز قەددىنى رۇسلاپ، قاپقارا ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى ئۇچۇرۇپتۇ، چىرايى ئېچىلىپ، ئازراق كۈلۈمسىرەپتۇ ھەمدە زۇۋان سۆرەي بارمىقى بىلەن ئاغزىنى كۆرسىتىپ، بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ. يىگىت غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ.

— سېنى دەپ جېنىمدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، ئەمما سەنمۇ مەن بىلەن بىللە ھالاك بولىسەن.

يىگىت شۇنداق دەپ قىزنىڭ بېشىغا قىلىچ تەڭلەپتۇ. قىز قورققىنىدىن يەرگە يىقىلىپ، ياۋايىلارچە قاتتىق چىرقىرىغانىكەن، ئاغزىدىن بىر ئاق يىلان يەرگە چۈشۈپتۇ. يىلان ئۆزىنى يىگىتنىڭ قېلىچ چەملىك ئۆتۈكىگە ئۇرۇپتۇ. يىگىت تېزلىكتە يىلاننىڭ بېشىنى دەسسەپ يانجىپتۇ.

قىز ياشلىق كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ، بارمىقىدىن بىر ئۈزۈكنى چىقىرىپ:

— بۇ ئۈزۈكنى ئېلىپ ئاتامنىڭ ئالدىغا بار، ئۇ سېنى مۇكاپاتلايدۇ، — دەپ، ئۈزۈكنى يىگىتكە بېرىپتۇ.

يىگىت ئۈزۈكنى ئېلىپ دوستىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. بېلىقچى يىگىت ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

يىگىت بولغان ۋەقەنى دوستىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۈزۈكنى دوستىغا سۇنۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى ساڭا ئىشنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئېيتىپ بېرەي. مەن دەل سەن رەھىم قىلىپ قويۇپ بەرگەن ئالتۇن بېلىق. ئەينى چاغدا ئېيتقان ناخشاڭدىن مەستخۇش بولۇپ تورغا چۈشۈپ قالغانىدىم. سەن مېنى قويۇپ بەردىڭ. شۇ سەۋەبتىن خان سېنى ھالاك قىلماقچى بولغاندا، مەن دوستلىرىم بىلەن سېنى قۇتۇلدۇرۇشقا تۇتۇش قىلدىم. كېيىن مەن سېنىڭ سىياقىڭغا كىردىم ھەمدە سېنىڭ ناھايىتى ساپ دىل يىگىت ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم. سېنى خۇددى ئۆز ئاكامدەك كۆرىدىغان بولدۇم. ھازىر ئۆز جايىمغا — سۇ تەكتىگە كېتىدىغان ۋاقتىم بولدى. بۇ ئۈزۈكنى ئېلىپ بېرىپ خانغا كۆرسەت، مۇبادا ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە، دېڭىز قىرغىقىغا بېرىپ ئىسمىمنى ئۈچ قېتىم چاقىرساڭ، دەرھال خىزمىتىڭدە بولىمەن.

بېلىق يىگىت شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ بېلىقچى يىگىت بىلەن خوشلىشىپ، دېڭىزغا شۇڭغۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بېلىقچى يىگىت بىر ئازدىن كېيىن خان ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

بېلىقچى يىگىت خان ئوردىسىغا كېلىپ، ئىچكىرىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراپتۇ. لېكىن خان سۆزىدىن يېنىۋېلىپ، قىزىنى بەرمەيدىغان بولۇپ، يىگىتنى ئوردىغا كىرگۈزمەپتۇ. چۈنكى، ئۇ يىگىتنىڭ قىزىنىڭ دەردىدە كەلگىنىنى بىلمىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئىلاجسىز قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر تۆمۈرچىگە شاگىرت بولۇپ ئىشلەپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە خاننىڭ قىزى بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپتۇ ھەمدە زار - زار يىغلىغىنىچە ئاتىسىغا:

— ئەگەر گېپىڭىزدە تۇرۇپ مېنى ئاشۇ يىگىتكە بەرمىسىڭىز، بۈگۈنلا مەندىن ئايرىلىسىز. ئەمدى ماڭا ياشاش ھارام، — دەپتۇ ھەمدە ئۆزىنى ھەرەم ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئۆستەڭگە تاشلىماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپتۇ، خان نائىلاج قىزىغا ماقۇل بوپتۇ. خاننىڭ چاپارمەنلىرى بېلىقچى يىگىتنى چاقىرىپ كەپتۇ.

توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. تويغا ھەممە ئادەم چاقىرىلىپتۇ. ئەتىسى توي باشلىنىپتۇ، ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بېلىقچى يىگىت خانغا كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ قاپتۇ. لېكىن خان ئۇنىڭغا يامان كۆزدە قارايدىكەن. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىكەن. بېلىقچى يىگىت بولسا خاننىڭ تەخت - سەلتەنەتىگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمايدىكەن.

بىر كۈنى بېلىقچى يىگىت خاپا چىراي ئولتۇرسا، مەلىكە ئۇنىڭدىن خاپىلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. يىگىت ئۇنىڭغا:

— بۇ ھەشەمەتلىك ئوردىدا ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى دېڭىزنىڭ ئۇ قىرغىقىدا ياشاپ كەلگەنىدىم، مېھرىبان ئاتام ئۇ يەردە قالغان. ئۇنىڭ قانداق كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۇقمايمەن. ئەگەر سەن مەن بىلەن بىللە ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىشنى خالىساڭ، ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم. لېكىن ئۇ يەردە بىر كەمبەغەلنىڭ خوتۇنى بولۇپ ياشايسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە ئېرىگە:

— مەن رازى. پەقەت سەن خۇش بولساڭلا بولدى. دېڭىزنىڭ ئۇ قىرغىقىغا قانداق ئۆتىمىز؟ بىزدە كېمىمۇ يوق، كېمە ياسايدىغان ئۇستىمۇ يوق، — دەپتۇ.

بېلىقچى يىگىت:

— بۇنىڭغا بېشىڭنى قاتۇرما، بۇ ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن. ئەگەر مەن بىلەن بىللە كېتىشنى خالىساڭ دەرھال يول تەييارلىقىنى قىلغىن، — دەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپتۇ. بېلىقچى يىگىت خوتۇنىنى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى دېڭىز بويىغا بېرىپ سۇغا قاراپ ئۈچ قېتىم ئالتۇن بېلىقنى چاقىرىپتۇ. ئالتۇن بېلىق شۇئان پەيدا بولۇپ:

— قەدىردان دوستۇم، قانداق ئېھتىياجىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يۇرتۇمنى، ئاتامنى سېغىندىم. دېڭىزدىن ئۆتەيلى دېسەك كېمە يوق، قولۇڭدىن كەلسە بىزنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، — دەپتۇ بېلىقچى يىگىت.

— ئەلۋەتتە قولۇمدىن كېلىدۇ. كەچ كىرگەندە ساڭا بىر بېلىقنى ئەۋەتىمەن، ئۇ ئاغزىنى ئاچقان ھامان دەرھال ئاغزىغا كىرىڭلار. ئۇ سىلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، — دەپتۇ ئالتۇن بېلىق.

كەچ كىرىپتۇ. بېلىقچى يىگىت خوتۇنى ئېلىپ دېڭىز بويىغا كەپتۇ. قارىسا، يوغان بىر بېلىق ئۈزۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قېشىدا توختاپتۇ ھەمدە ئاغزىنى يوغان ئېچىپتۇ. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. بېلىقچى يىگىت خوتۇنىنىڭ قولىدىن تارتىپ بېلىقنىڭ ئاغزىغا كىرىپتۇ. بېلىق تېزلا دېڭىزغا شۇڭغۇپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ.

تاڭ سۈزۈلگەندە بېلىق ئۇلارنى بېلىقچى يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا بېلىقچى يىگىت ئويغىنىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇش بوپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى بېلىقنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا، ئۆيىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئۆينىڭ ئالدىدا ئاتىسى مۈكچەيگەن ھالدا ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن. بېلىقچى يىگىت بۇنى كۆرۈپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ ھەمدە ئاتىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن خوتۇنىنى ئاتىسىغا تونۇشتۇرۇپتۇ. بوۋاي بۇ گۈزەل كېلىننى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇچەيلەن ھالال ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇشىنى تىنچ، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاتۇش ناھىيە ئازاق يېزا تىجەن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق موللارېھىم ئىمىنھاجى،
(توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



يىپ ئىگىرىش

نۇرمۇھەممەت ئابلىز سىزغان



يۇرتۇمغا مۇھەببەت ماي بوياق يارمۇھەممەت نىياز


**源 泉** (布拉克)

**بۇلاق**

（维吾尔文） 总161期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 161-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：买买提江·马合木提 副主编：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىر: مەمەتجان ماخمۇت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118 邮政编码：830001
邮政代码：58-108 定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118 پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108 باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043